


توختىهاجى روزى

ئابلىكىم روزى


# سۆيۈملۈك دۇنيا


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



توختىهاجى روزى
ئابلىكىم روزى

# سۆيۈملۈك دۇنيا

(شېئىرلار)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

可爱的世界:维吾尔文/托合提阿吉·肉孜,阿布里克木·肉孜著. 一喀什:喀什维吾尔文出版社,2008.1
ISBN 978-7-5373-1619-4

Ⅰ.可… Ⅱ.①托…②阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 002621 号

责任编辑:阿吉米尔扎依提·克里木
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

可爱的世界
(诗集)

作者: 托合提阿吉·肉孜
阿布里克木·肉孜

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 6.25 印张 1 插页
2008 年 1 月第 1 版 2008 年 1 月第 1 次印刷
印数:1—2580 定价:10.00 元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

# نەشرىياتتىن

شائىر، يازغۇچى توختىهاجى روزى 1943 - يىل 12- ئاينىڭ 23- كۈنى ئۈستۈن ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 - يىلىدىن1958-يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1958 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1962 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە يەكەن، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

دوتسېنت توختىهاجى روزى 1959 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن، هازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 700 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 30 پارچىدىن ئارتۇق هېكايىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان، بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستىنى، 1986 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «زۇمرەت» ناملىق پوۋېست، هېكايە ۋە شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت

يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

شائىر ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان، 1963- يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1975 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1980 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر- مۇھەررىر، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان ھەمدە كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىنى ئالغان.

ئابلىكىم روزى 1962 - يىلىدىن باشلاپ شېئىرىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن 45 يىلدىن بۇيان، ئاساسەن باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «قارلىغاچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى؛ 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى؛ 1994 - يىلى «سەبىيلەر كۈلكىسى» ناملىق باللار يۇمۇرلىرى توپلىمىنى؛ 1998 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «كىم ــ نىڭ توغرا؟» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

## توختىهاجى روزى


كەچمىشلەر ...... 3
كەچتە پۈتكەن شېئىرلار ...... 8
ئاي نۇرى ...... 8
يۇلتۇزلار ...... 8
سوئال ...... 9
تاڭدا ...... 10
باهار كۈيى ...... 10
يەر ھەققىدە ناخشا ...... 12
ئىككى سوئال ...... 14
مېنىڭ مىزانىم ...... 16
مەن دەيمەنكى ...... 17
ۋاقىت ...... 18
ئىز ...... 19
يول ھەققىدە ناخشا ...... 20
باهاردىن كەلگەن تۇيغۇلار ...... 23
تەبىئەت ۋە ئىنسان ...... 26
ئېقىن تۇيغۇسى ...... 28
بىر «شائىر» نىڭ «تەنتەنىسى» (ساتىرا) ...... 30
ئىناقلىق كۈيى ...... 35
يۇرت قوشىقى ...... 38

لاله ........................ 40
زۇننار ........................ 42
پارچىلار ........................ 43
كۆز لىرىكىسى ........................ 45
ھاياتىمنى سۆيۈپ ئۆتىمەن ........................ 49
دەۋر كۈيى ........................ 51
ئايدىڭ كېچە ........................ 53
ماكانىم بار تەڭرىتاغ ئاتلىق ........................ 55
سۆيۈملۈك دۇنيا ........................ 57
مەن — مۇئەللىم ........................ 63
مۇئەللىمە ........................ 68
ساياھەت نەزمىلىرى ........................ 71
فونتان ........................ 71
ئالمىزاردا ........................ 73
خورما كۈيى ........................ 75
پرامىدا ئالدىدا ........................ 76
نېمانچە تاتلىق بۇ مېۋە ........................ 78
مەن دېڭىزدا ........................ 80
ۋەتەن ........................ 81
ئىلىم مارشى ........................ 82
ئۇستاز قوشىقى ........................ 83


## ئابلىكىم روزى


شەرەپ تۇيغۇسى ........................ 87
گۈلدەستە ........................ 89
ئىمتىھان ........................ 90
رېستورانغا بارمايچۇ، ئانا (باللادا) ........................ 91

«كىچىك مۇخبىر» دېگەن نام ........................ 98
گالستۇكنى سۆيۈشلار .............................. 100
ساۋاقداشلار ناخشىسى .............................. 102
قاناتلاندۇق ........................................ 104
مېھىر - شەپقەت دەرياسى............................ 105
كومپيۇتېر ئۆگەندىم................................. 107
ئەپۇ قىلىش ياخشى ئىش.............................. 108
يىغلىمىغىن ئەي بالا................................. 110
چوڭ بولغاندا ....................................... 111
ئەقىدە ............................................. 112
گالستۇك ............................................ 114
قار ناخشىلىرى...................................... 115
قاردەك ئاپئاق كۆڭلىمىز ............................. 115
ئاق گۈللەر ......................................... 116
قار سۈرىتى ......................................... 116
بېرەيلى سالام ...................................... 117
قارلىق ............................................. 118
«ئەزىز مېھمان» .................................... 119
گۈلخۇمارقىز دىلخۇمار ............................... 120
چوڭ دادام ۋە چوڭ ئانام............................. 122
دوستلىرىم كۆپ ..................................... 125
يىغلىمايمەن ........................................ 127
توزۇماس گۈل - چېچەك بىز ........................... 128
مېيىپ ئۆسمۈرلەر ناخشىسى ........................... 129
تازىلىقنى سۆيگەنلەر................................ 130
ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى .............................. 131

مائارىپ ...... 132
ئاياللار ...... 134
سەنئەتكارلار شەنگە ...... 136
يىقىلغاندا ...... 138
ۋاپاسىز ئوغۇل ...... 140
تەرجىمان ...... 142
ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە مۇخەممەس ...... 144
دېگىنىنى قىلساقمۇ ئۇنىڭ ...... 146
ئېشىپ كېتىڭلار ...... 148
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن ...... 150
قەسەم ئىچكۈچە ...... 152
تەكشۈرۈش تۈگەپ ...... 153
ساقايغان كېلىن ...... 154
مەلۇم كىشىگە ...... 155
غەيرىي جاۋابقا ...... 156
يېقىملىق ئاۋاز ...... 157
ئەرنىڭ شەرتى ...... 158
كىمكى كۆپ تىل ئۆگەنگەن بولسا ...... 159
ناخشا تېكىستلىرى ...... 160
قىزلار سۆيگۈسى ...... 160
سەيلە ...... 160
ۋەتەن ئوغلىمەن ...... 161
سۇ ئىچتى كۆڭۈل باغى ...... 162
ئاق خالاتلىق پەرىشتە ...... 162
يات ئادەم يوق جاھاندا ...... 163
كۆيلىرىمىز چاچقۇ چاچار تىللاردىن ...... 164

پىشقەدەم سەنئەتكارلارغا مەدھىيە ............ 166
ئانا مەكتەپ تويىغا ............................ 168
ئىككى پارچە.......................................... 170
گۈل - چېچەكلەر دېڭىزى ۋەتەن................ 171
قۇربان ھېيت كەلدى ........................... 172
بولماسمۇ؟ ........................................ 173
پىشقەدەم ئەدىبلەر ھۆرمىتىگە .................. 174
نەسىھەت .......................................... 176
يالغۇز ئەمەسمەن ................................ 177
ئاشپەزلەر ناخشىسى ............................ 178
ھېسداشلىق ...................................... 179
تاموژنا خادىملىرىغا ............................ 180
بېلەت ساتقۇچى قىزغا ........................... 182
شائىر ۋە شېئىر ................................ 184
خاسىيەتلىك توي بىلەن ......................... 186
ئانىجان مەكتەپ ................................. 187
70 يىللىق بولسۇن مۇبارەك........................ 189

توختىھاجى روزى

# سۆيۈملۈك دۇنيا

# كەچمىشلەر

يىللار،
زەپمۇ تېز ئىكەن سېنىڭ قەدىمىڭ،
ماڭىدىكەنسەن زادى توختىماي.
ساڭا قاراپ،
ئۆمرۈمنى ئويلاپ،
قەدىمىڭدە قالغان تەشۋىشىم.
ساڭا كىممۇ تەڭلىشەركىنە؟
بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالماي،
ئۆتۈپ كەتتى نەچچە ئون يېشىم.
ئاخىر بۈگۈن،
چىقارغاچقا ئەقلىم خۇلاسە،
جاۋاب بولدى بۇڭا كەچمىشىم.

## 1

يىللار،
مېنىڭ جىسمىم،
قېلىشمىغان سېنىڭدىن قىلچە،

ھەتتا
ئېشىپمۇ كەتكەندى ئالدىڭغا.
باسقان ھەربىر قەدىمىڭ،
ساقال
قورۇق
ۋە قار - قىرونى
قىلغاندى سوۋغات ئۇنىڭغا.
ئالغا ماڭسام كەينىمگە كەتكەن،
تاپالمىغان راۋاج ھېچ ئىشىم،
بۇمۇ مېنىڭ ئۆتمۈش كەچمىشىم.
مەنىسىنى بۇنداق يەشمىشىم؛
كونىلار ئېيتقاندەك:
بۇ — ئۆمرۈمنىڭ،
چۈشتىن بۇرۇنقى،
ۋاقتى ئىدى -- تۈنجى ئاش پىشىم...

2

شۇنداق،
جىسمىم ئۆمرۈمنى يۇدۇپ،
كەتكەندى يىللاردىن ئۆتۈپ،
مەزگىلسىزلا خېلى يىراققا.
بىلمىگەنتىم ئۇچاغ سەۋەبنى،
بىلىۋالدىم بۈگۈن بەك ئېنىق،
ئۇ چاغ،

قۇرۇق جىسمىم،
قۇرۇق سۆلىتىم،
ماڭغان بىلەن سىنىمىڭ ئالدىڭدا؛
قالغانىكەن،
ئەقلىم،
پەمىم،
ئىرادەم،
بەك نېرىدا — بەكمۇ ئارقاڭدا.
مەنىسىز بوپ قىلمىش - ئەتمىشىم،
ئاقمىغانىكەن شۇڭلاشقا ئىشىم،
ئەقىل بىلەن،
ئىرادە بىلەن،
ئادەم — ئادەم ئىكەن،
چۈشەندۈردى بۈنى كەچمىشىم.
نىيەت قىلدىم،
مېھنىتىم بىلەن
يىللارنى قەرزدار قىلىمەن،
باشلاندى شۇندىن ئۇچۇش - ئۆرلىشىم.
يوقالدى،
كەتتى كەلمەسكە
هايات يولۇمدىكى ئۇيقۇ - مۇگدىشىم.
بىلىمەن،
ۋاقىت قەدرىگە يەتكەنلەرگە،
ئۆمۈر ئۇچۇن

خېلى ئۇزاق
چۇش بىلەن پىشىن.

3

كەلدىم ئەمدى ئوتتۇرا ياشقا،
بۇ — ئۆمرۈمنىڭ چۇش مەزگىلى—
نەۋقىران دەۋرى،
ئەپسۇسلىنىپ كەچمىشلىرىمگە
چەكمەيمەن ھەسرەت،
چۈنكى،
بوشاڭلىقتا ھەسرەت دېگەننىڭ
كەلمەيدۇ رەھمى.
ئۆمرۈم
خۇددى كۆلگەن باھار - ياز،
ئەقىل - كۆچكە تولدى ئۇ راسا،
شۇنىڭدىن كېلۇر قىممىتى - قەدرى.
ھازىر
يىللار ئۇنى ئەمەس،
ئۇ يىللارنى قېرىتىدۇ،
ئارقىغا تاشلايدۇ.
يىللار ئۇنىڭغا ئەمەس،
ئۇ
يىللارغا يول باشلايدۇ،
ئۇ بىلىدۇ:

پەقەت،
ئىنسان — ھەممىگە قادىر!
بەخت، غەلىبە،
مەرد - باتۇرغا خاس.
ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيدۇ بوش،
يىلدا
ئەسىرلىك ئىشلارغا قۇرىدۇ ئاساس.
جاكارلايمەن شۇڭلاشقا مەغرۇر:
ئەقىل - ئىدراك — تۈگىمەس بايلىقىم،
ئىشەنچ - ئارزۇ — غالىب بايرىقىم.
قۇرۇق گەپلەر ھامان دۈشمىنىم،
خام خىياللارغا بەرمەيدۇ ئورۇن،
قىرو كۆرگەن مېنىڭ بۇ بېشىم.
بۇ — مەن چىقارغان
كەچمىشىمگە لايىق يەشمىشىم.

1987- يىلى، ئۈرۈمچى



# كەچتە پۈتكەن شېئىرلار

## ئاي نۇرى

رۇجەكلەردىن
چۈشتى ئاي نۇرى،
ئاھ، بىدارمەن
ئۇيقۇدىن تامام.
تال - تال شولا
ئەسلەتتى ماڭا
سۈتتەك ئاپئاق چاچلارنى شۇئان،
قۇلىقىمدا «ئەللەي» ساداسى،
تومۇرلىرىمدا
دەريا ناۋاسى،
يۈرىكىمدە قوزغالدى ئىلھام.

## يۇلتۇزلار

يۇلتۇزلار

كۆز قىسىشىدۇ،
كۇيلىرىمگە
سۆز قېتىشىدۇ.
بېزەك بولايلى دېيىشىپ
مىسرالىرىمغا
لەۋ يېقىشىدۇ.
ئەنە،
ساقىدى بىرسى،
ھېسلىرىمنىڭ،
مۇھەببىتىمنىڭ ھارارىتىدىن.
سەۋدايى بولۇپ
تۇگەشكىنى ئۇ،
زېمىن ئوغلىنىڭ كارامىتىدىن.

## سوئال

زېمىن — ئانا،
تۆرەلدۇق ئۇندا.
ئۆز - ئۆزۈمگە،
سوئال قويىمەن:
ئۇ بەردى بىزگە ھەممىنى،
لېكىن،

بەردۇق ئاڭا،
نېمىنى! ؟

## تاڭدا

تاڭ...
قۇچاقلىدىم،
سۆيدۇم ئۇپۇقنى.
زېمىن ئوغلى مېنى سۆيدى دەپ،
ئۇپۇقمۇ شادلىنىپ،
تاشلىۋەتتى چۇمبەل - يوپۇقنى.
لېۋىمدە ئوت،
ئۇپۇق قىزاردى.
قۇياش كۈلۈپ،
ئانا زېمىننى
نۇردا سۇغاردى.

## باھار كۈيى

پەسىللەر
ئايلىنىدۇ،
بىر - بىرىنىڭ ئېلىپ ئورنىنى.
ھەر پەسىل

ئۆزگىچە رەڭدە
بېزەپ ئۆتىدۇ،
ئەقلىم ھۆسنىنى.
ھەممىسىلا باھارغا قوشۇلۇپ،
تىلىمدا غەزەللىشىدۇ
باھاردىن باھار تۇغۇلۇپ،
دىلىمدا
كۈنسېرى گۈزەللىشىدۇ.

1986- يىلى، ئۈرۈمچى

# يەر ھەققىدە ناخشا

1

يەرگە تۆرەلدىم،
يەرگە بۆلەندىم.
يەردە ئۆمىلەپ،
يەردە يۇگۇردۇم.
يەردە ئوڭ بولدۇم،
يەردە چوڭ بولدۇم.
يىقىلسام، تۇرسام،
يەرگە يۆلەندىم.
يەرنى قەدىرلەپ،
سۆيدۇم ئۇلۇغلاپ.
تۆكتۇم ھالال تەر،
يەردە كۆكەردىم.
يەر بەردى ھايات،
يەر بەردى قانات.
پەرۋاز قىلىشنى
يەردە ئۇگەندىم.

## 2

ھەممە ئانىنىڭ
يەردۇر ئانىسى،
يەرنى ھەممىدىن
ئەزىز بىلۈرمەن.
تىرىكلىكىمدە،
كۆلكىلەرگە كۆلكە قاتتىم،
ئۆلسەممۇ شۇڭا،
كۆلۈپ ئۆلۈرمەن.



# ئىككى سوئال

## 1

خىياللار
تۇغۇدىكەن خىياللارنى،
شۇ خىيالنىڭ
ئەڭ كەنجىسى
تۇغۇدىغاندۇ نېمىنى؟!...

## 2

بىلدىم،
خىياللار ھامان
تۇغۇدىكەن بىر - بىرىنى،
ئەڭ كەنجىسى ئۇنىڭ
بىلەمدىكىن،

خىزمەتكار بولۇپ،
سۈرتىدىغانلىقنى،
ئىنسان تەرىنى! ؟...

1986- يىلى، ئۈرۈمچى

# مېنىڭ مىزانىم

ئىنسانمەن — ھاياتقا ئىنسانچە كەلدىم،
ئىنسانچە ياشاشتۇر ئەھدىم، تىلىكىم.
بىلىمەن بۇرچۇمنى (ئىنسانىنىڭ پەرزى)،
پەقەتلا شۇنىڭدا قەدىر - قىممىتىم.
سۇرمەيمەن بىھۇدە — قۇرۇق خىيالنى،
مىزاندۇر ئىشىمغا ۋىجدان - نىيىتىم.
ھالال تەر قىممىتىم، ئىشەنچ - ئىرادەم.
شۇ روھتا كۈلىدۇ ئىجاد چېچىكىم،
ئەجرىمدىن كۈتىمەن تەلەي - رىزقىمنى،
ۋەتەن - ئەل پاناھىم، ھايات - تىرىكىم.

1987- يىلى، ئۈرۈمچى

# مەن دەيمەنكى

جان بېرىدۇ پىلە قۇرتى،
هاياتلىقتا قالدۇرۇپ يىپەك.
بال يىغىدۇ ھەسەل ھەرىسى،
ئىزدەپ، تاللاپ، مىڭلاپ گۈل - چېچەك.
ئۇلار ئاددىي قۇرت - جانىۋار—
بولسىمۇ گەر، ئۇلۇغ خىسلىتى.
بۇ جاھاندا پەقەت ئادەمنىڭ،
تەڭداشسىزدۇر ئەقىل - قۇدرىتى.
بىراق ئاقىقان ھالال تەر بىلەن،
ئۆلچىنىدۇ ئادەم قىممىتى.
يەتكۈزمىسە ئەلگە نەپ - پايدا،
بولماس ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى.

1987- يىلى، ئۈرۈمچى

# ۋاقىت

تىنىمسىزدۇر ۋاقىت قەدىمى
ئۇ
ئۇخلىمايدۇ،
توختىمايدۇ زادىلا.
قىرىتىدۇ ھەممىنى،
لېكىن ئۆزى
كېتىۋاتىدۇ بىر خىللا،
توسالمايدۇ ئۇنى ھېچنېمە
ئۇ — رەھىمسىز،
ھەم
توغرا - لىللا.
قېنى كىم،
ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدۇ؟
بۇ —
چىن ئىنسان بولۇش ئۆلچىمىنىڭ،
پەقەت بىرىلا.

1987- يىلى، ئۈرۈمچى

# ئىز

كۆي ياڭراتتىم،
توي بولغاندەك،
تەۋرەندى دېڭىز،
قانات قاقتىم
نەرە تارتىپ
كۆتۈرۈلدى
دولقۇنى ئېگىز،
دولقۇنلارغا
قونۇپ ھايھات!
باستىم ئالغا تېز،
شۇ ھەيۋەتلىك
تىنىمسىز دولقۇن مەۋجىدە،
قالدى ئۆچمەس ئىز.

1987- يىل 1- ئاي

# يول ھەققىدە ناخشا

يوللار، يوللار، ساناقسىز يوللار،
قەيەردىكىن باشلانغان يېرى؟
يىراقلارغا تاشلىدىم نەزەر،
قەيەردىدۇر ئۇنىڭ ئاخىرى؟
دېدى تارىخ: قارىغىن ماڭا،
ئوقۇپ چىققىن ھەربىر قۇرۇمنى،
شۇندا بۇنىڭ جاۋاب - تەبىرى.

× × ×

ئىنسان — ئىنسان بولۇپ تۇرىلىپ،
سىرلىق دۇنيا، ھايات ئىستىكى،
يېتەكلىدى ئۇنى چېلىشقا.
تالاي مېھنەت، تالاي قانۇتەر،
يولنى ئېچىپ بەردى يېڭىشقا.
ئەقىل - ئەقىلگە ئەقىل كۆرسىتىپ،
يىللار سىرى باردى يېتىلىپ.
قولدىن - قولغا ئۆتتى زامانلار،

ۋە يوللارمۇ باردى كېڭىيىپ.

× × ×

ئەسىرلەر ئۆتتى، ئۆتتى دەۋرلەر،
مىس، تۆمۈر، پولات··· چىقتى سەھنىگە.
ئەيلىدى ئاسماندا پەرۋاز ئادەملەر،
ۋە يەتتى ئاخىر ئاتوم دەۋرىگە.
شۇ ئۇزاق يىللاردا، ئۇزۇن يوللاردا،
ئاز قان - تەر تۆكمىدى غەيۇر ئەجدادلار.
ئۇزۇلمەي بىرىنى - بىرى تولۇقلاپ،
ئۇلارنىڭ ئىزىنى باستى ئەۋلادلار.
دېمەككى، ئىنساننىڭ ئەقىل - كۈچىدىن،
دۇنيانىڭ سىرلىرى يېشىلىپ باردى.
ھەر قەدەم، ھەربىر ئىز، ھەربىر كىچىك يول،
ئۇلىنىپ داغدام يول ئېچىلىپ باردى···

× × ×

بىلدىمەن، بۇ يوللار شۇنچە كۆپ، ئۇزۇن،
تۈگىمەس، ئۇزۇلمەس ھاياتقا ئوخشاش.
ھايات بار، يولمۇ بار ئەبەدىلئەبەد،
ئېخ، شۇنچە شەرەپلىك، بۈيۈك خىسلەت بۇ،
ئەۋلادلار بەختىچۈن يول ئېچىپ ياشاش.
بۈگۈن بىز يەنىلا سەپەر ئۈستىدە،

ئىزدىنىش، يول ئېچىش — بىزدىكى نىشان.
بىلىمىز، سەپەرسىز ۋە تەر - ئەجىرسىز،
كۆلمەيدۇ ئارزۇلار، كۆلمەيدۇ جاھان.

1988- يىلى، ئۈرۈمچى



# باھاردىن كەلگەن تۇيغۇلار

## 1

باھار بەردى يېڭى تۇيغۇرلار،
تەردىم ئۇندىن گۆھەر، ئۈنچىلەر.
دىل بېغىمدا كەتتى ئېچىلىپ،
خۇش پۇراقلىق رەڭدار غۇنچىلار.

## 2

چاچلىرىمدا كۆپەيمەكتە ئاق،
ئەجەب تېزكەن ۋاقىت قەدىمى.
ئويلاپ كۆرسەم باسقان ئىزىمنىڭ،
زەپ ھوسۇلسىز قاپتۇ يېرىمى.

پۇشايماندا چىشلىدىم لەۋنى،
ئۆلچەپ كۆرۈپ كەچمىشلىرىمنى.

دەيمەن: كۆرگىن زاماندashلىرىم،
ئىشەنچ - ئارزۇ تۇغقان قۇدرەتتە
پۇشايماننى، يەشمىشلىرىمنى.

## 3

باھار...
بىردىن ھاۋا تۇتۇلۇپ،
يېغىپ كەتتى يامغۇر قۇيۇلۇپ.
ئېتىز - دالا، باغۇبوستانلار،
كۇلۇپ كەتتى يايراپ يۇيۇنۇپ.

ئاشۇ كۇلكە بەردى بىر تىلەك،
شۇئان ئاڭا كەتتىم قوشۇلۇپ.
يامغۇر بولۇپ تۆكۇلدۇم مەنمۇ،
گۇل - گىياھلار قاندى تويۇنۇپ.

## 4

دېدىم: باھار سەندىن تۇزدۇم نەزمەمنى،
دېدى باھار: سەن قىزىتتىڭ بەزمەمنى.
كۇيۇڭ ياڭراق، شېرىن، رەڭدار پاك شۇنچە،
ئاچاي شۇڭا ساڭا مەپتۇن سىنەمنى.

## 5

باھار بەردى يېڭى تۇيغۇلار،
ئىلھاملىرىم گوياكى فونتان.
كۆيلىرىمدە ئەتىر ـ لالىلەر،
لالىلەردىن يارالدى داستان.

## 6

باھار بەردى يېڭى تۇيغۇلار،
ئىلھاملىرىم شاۋقۇنلۇق دەريا.
قىر ـ قىرلارغا چاچتىم ئۇنچىلەر،
خىتاب قىلدىم يارۇ دوستلارغا:
ئىلگىرلەيلى، ئۆرلەيلى كۆككە،
ئالدىمىزدا يۈكسەك چوققىلار.
ۋاقىت ئۆتسە ئۆمۈرمۇ ئۆتەر،
ئىنسان ئۈچۈن دۈشمەن — ھورۇنلۇق.
يىتسۇن كۆزدىن غەپلەت ـ ئۇيقۇلار.

1990 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# تەبىئەت ۋە ئىنسان

تەبىئەت ئۇ زادى نېمە، بىلەيلى،
ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يېتەيلى.
بىز ياشايمىز قۇچىقىدا ئۇنىڭكى،
جاندەك ئەزىز كۆرۈپ، ئاسراپ، سۆيەيلى.

ئۇ ھاياتلىق كاپالىتى — ئوزۇقى،
ئاڭا باغلىق ئىنسانلارنىڭ بار - يوقى.
بىزگە ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ لازىم جان،
ئۇ كۆيگەندەك، بىز ئۇنىڭغا كۆيەيلى.

تەبىئەت ھەم ئىنسان گويا قوشكېزەك،
ھاياتلىقتا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك.
گەر خاراب ئۇ، ئىنسانمۇ ھەم خارابتۇر،
ھەمدەم بولۇپ شۇڭا ئىجىل ئۆتەيلى.

بىھېسابتۇر ئۇنىڭ قىسمەت - خىسلىتى،
ۋە بىرگىدۇر ئاپەت بىلەن شەپقىتى.
ئاچتۇق، يەنە ئېچىلمىغان تىلسىم كۆپ،

تىلسىملارنىڭ بىز تەكتىگە يېتەيلى.

يېشىل دۇنيا يېشىل ھايات دېمەكتۇر،
يېشىللىقسىز دۇنيا بەربات دېمەكتۇر.
شۇ يېشىللىق ئۇنىڭ جېنى، كۆركىدۇر،
يېشىللىققا تەرىمىزنى تۆكەيلى.

باردۇر رولى ھەربىر جانىۋار - گىياھنىڭ،
ھەربىر جانلىق ئەزاسىدۇر دۇنيانىڭ.
شۇ دۇنياغا ئاچقۇچ، يوگەن ئىنساندا،
شۇ ئىنسانىي بۇرچىمىزنى ئۆتەيلى.

كۇلكە بېرەر بىزگە ئۇنىڭ كۇلكىسى،
يىغا ئېلىپ كېلەر قايغۇ - يىغىسى.
ئەقىلسىزلىق ئۇنى بۇلغاش ھەم بۇزۇش،
ئاسراپ ئۇنى، ياشنىتىپ تەڭ كۇلەيلى!

ئەقىل بىلەن، مېھنەت بىلەن زېمىننى،
گۇل - چېچەككە، يېشىللىققا پۇركەيلى.
ئەۋلادلارغا تېخىمۇ ساپ، ھۆر، گۇزەل،
ئېسىل مۇھىت — دۇنيا تەقدىم ئېتەيلى.

1990- يىل 5- ئاي

# ئېقىن تۈيغۇسى

مەن تۇرىمەن دەرياغا بېقىپ،
زۇمرەت ئېقىن كۆڭلۈمگە يېقىپ.
ئەكسىم بىلەن ئوينىشىدۇ سۇ،
گاھ چۆكۈرۈپ، گاھى لەيلىتىپ.
قىرغاقلارغا چاچىدۇ ئۈنچە،
كۆمۈش دولقۇن ئوقچۇپ - قىيغىتىپ.
قۇياش ئالتۇن ئۈنچە تۆكىدۇ،
دولقۇنلارغا نۇر - جۇلا قېتىپ.
پەرۋاز قىلىپ توپ - توپ ئاق قۇلار،
دەريا بويلاپ ئۇچار پەر قېقىپ،
دەريا گۈزەل،
قىرغاقلار گۈزەل،
ھەر كۆرۈنۈش تۇغىدۇ شېئىر،
يۈرىكىمگە ئىشق - ئوت يېقىپ.
مەن قېتىلدىم سۈزۈك ئېقىنغا،
دولقۇنلاردىن تۈيغۇ ئوي تېپىپ.

سىڭدىم ئانا زېمىن باغرىغا،
ئېقىن بىلەن مەنمۇ تەڭ ئېقىپ...

1990- يىل 7- ئاي، ئۈرۈمچى

# بىر «شائىر» نىڭ «تەنتەنىسى»

(ساتىرا)

«شائىر» ىمىزنىڭ قولىدا گېزىت،
قارايتتى ئاڭا تويماي تىكىلىپ.
ھەپتە ئىلگىرى ئاشۇ گېزىتكە،
چىققانتى ئۇنىڭ شېئىرى بېسىلىپ.
خۇشلۇقتىن شۇڭا ھەپتىدىن بۇيان،
گۇلقەقەلىرى كەتكەن ئېچىلىپ.
ھەر كۈن قارايتتى يېنىش - يېنىشلاپ،
خۇشاللىقىغا خۇشلۇق قېتىلىپ.
خىزمىتىگىمۇ بارماس بەزىدە،
ئۆينىڭ ئىچىگە يالغۇز بېكىنىپ.
مانا شۇ تاپتا پىكىر - ئويلىرى،
بولغاندەك خۇددى پىشىپ يېتىلىپ.
مەستخۇش جىلمىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ،
مۇنۇ سادالار چىقتى ئېتىلىپ:
يۇرتنىڭ ئىچىدە «داڭلىق شائىر» دەپ،
ناممۇ چىقىپ قالدى خېلىلا.

بىر «ھە - ھۇ» بىلەن نام قازانسام دەپ،
ئارزۇ قىلاتتىم مەنمۇ شۇنىلا.
كېچە - كۈندۈزلەپ چېكىپ كۆپ جاپا،
ئىزدىنىش دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى،
بىلمەس كىشىلەر بۇنى تېخىلا.
جاننى ئۇپرىتىپ سارالڭ ئەمەسمەن،
ھەممىدىن ئۇستۇن «پەم» نىڭ ئۆزىلا.
«پىلان، دىت» بىلەن،
«پاراسەت» بىلەن،
كىرىشكەن ئىدىم بۇ كوچا - يولغا.
بىلىمەن قالتىس ئىككى ئۇسۇلدا،
شانۇشەرەپلەر كېلىدۇ قولغا.
ئۇنىڭ بىرىدۇر جاپا - مۇشەققەت،
يەنە بىرىدۇر پەم ھەم پاراسەت،
تاللاپ ئالغانمەن ئىككىنچىسىنى.
ھايات دېگەن ئۇ (چۇنكى) ئىنسانغا،
كېلىدۇ پەقەت بىرلا قېتىملا،
جەڭلەر ھەققىدە «توققۇزى رەڭ» دەپ،
دانالار ئېيتقان خېلى بۇرۇنلا.
ئەنە شۇ سۆزلەر ھەممە دەستۇردىن،
بۇرۇنلا ئورناپ كەتكەن دىلىمغا.
مەن تاپقان ئىدىم ئۇندىن ئاجايىپ،
«ئەقىل، پەم، پىلان، ئۇسۇل - چارىلەر».

گېزىت - ژۇرناللار ئىجاد مەنبەيىم،
ئوقۇپ تاللايمەن،
يېزىپ ئالىمەن.
ئۇنى بۇنىڭغا،
بۇنى ئۇنىڭغا.
چېتىپ ئۇلايمەن،
تىزىپ ئالىمەن.
ئۆچۈرۈپ بەزەن،
كۆچۈرۈپ بەزەن.
قوشۇپ ئۆزگەرتىپ،
تۈزۈپ ئالىمەن...
ياخشى بىر شېئىر پۈتۈپ چىقىدۇ،
ھەممىنى تۇگەل ئۇتۇپ چىقىدۇ.
مانا بۇ مېنىڭ «ماھارىتىم» دۇر،
«شائىر» لىقىدىكى كارامىتىمدۇر...
ياخشى ئوقۇڭلار شېئىرلىرىمنى،
بىلىپ قويۇڭلار سېھىرلىرىمنى.
شۆھرەت مۇنارى تىكلىنەر شۇنداق،
ھايات دېگەننىڭ بۇمۇ بىر يولى،
راستىمنى ئېيتسام،
ۋىجدان دېگەننىڭ
كۆڭلۈمدە يوقتۇر تىيىنچە رولى...»
«شائىر» گېزىتكە قارار تويماستىن،
تېرىلىرىگە سىغماي كېرىلىپ.
كۆڭلىدە يەنە يېڭى چوت سوقۇپ،

نېمىلەرنىدۇر ئويلار بېرىلىپ،
شۇ چاغ توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ،
كىردى ئايالى ئۆڭۈپ - تاتىرىپ،
قولىدا گېزىت، سۆزلەپ چېچىلىپ،
«بۇگۈنكى گېزىت، كۆرۈڭ! ئاھ، نومۇس!...
دېدى گېزىتنى ئاتتى ئېرىگە.
باشلىدى يىغا ھۆڭرەپ - ئۈن سېلىپ.
«شائىر» گېزىتنى ئالدى قولىغا،
قارىدى بىردىن ئۆزگەردى رەڭگى،
شۇركۈنۈپ تېنى، كۆزى چەكچىيىپ.
گويا بېشىدا چېقىن چېقىلدى،
تۇتۇلدى تىلى، دىمى سىقىلىپ.
«شېئىر ئوغرىسى...»،
— دەيتتى ھەربىر قۇر،
يۈرەك باغرىنى تىلىپ چاك قىلىپ.
گۇلدۇرمامىدەك ھەيۋەت بىر سادا
(قەيەردىن چىقتى،
— بىلەلمىدى ئۇ)،
قۇلاق - مېڭىگە چىقتى ئېتىلىپ.
«ھالال مېھنەتتە — ئىنسان خىسلىتى،
ۋىجدان بىلەندۇر قەدىر - قىممىتى.
ئەجىر قىلغانغا ئەلنىڭ ھۆرمىتى،
بەدنىيەتلەرگە ياغار نەپرىتى».
«شائىر» كۆكسىنى باستى قاماللاپ،
ئالىيىپ كۆزى تىترەپ - مۇكچىيىپ.

تەنتەنە قىلىپ ئۆز خىيالىدا،
قانچە كۈنلەردىن چالغان دۇمبىقى،
بولدى كەتكەندەك بىردىن يېرىلىپ.
«ئاھ» دەپ پۇشايمان يەيتى ئىچىدە،
شۇ دەم مىڭ ئۆلۈپ، مىڭبىر تىرىلىپ.
مەغرۇر شادلىقى ئۇچقان نەگىدۇر،
نومۇس قوقاس بوپ كۆيدۈرەر ئىدى،
ئازاب ئۈستىگە ئازاب قېتىلىپ.

1990- يىلى، ئۈرۈمچى

# ئىناقلىق كۈيى

ئىناقلىقتا كۈچ - قۇدرىتىمىز،
ئىناقلىقتا غەلىبە - زەپەر.
شۇڭلاشقا بۈيۈك،
بىز قىلىۋاتقان بۇ يۈرۈش - سەپەر.
تەگرىتاغدىن،
تەيخاڭشەنگىچە،
چىڭ تۇتاشقان دوستلۇق رىشتىمىز.
ئارزۇ - تىلەك
ۋە غايىمىز بىر،
ئالەمچىدۇر مېھىر - ئىشقىمىز.
بىرگە بولدۇق قەدىم - قەدىمدىن،
جاپالاردا
ھەمدە راھەتتە،
بىز چۈشەندۇق ئەمگەكچىلەرنىڭ
تەقدىرلىرى بىركەن ئەسلىدە.
«باي - باي بىلەن،
سۇلار - ساي بىلەن»

چوڭقۇر ئىكەن بۇ سۆز مەنىسى.
بېرىدىكەن تارىخ بۇنىڭغا،
تۇمەن شاھىد
تۇمەن ئىسپاتنى.
شۇنچە ئېغىر ئىكەن ۋەزنىسى،
تەڭلىك — بۇندا تارازا ئىكەن.
ئۆلچەيدىكەن ھەق - ناھەقنى ئۇ،
ئەقىل بىلەن مىزان بىلەن،
بىلىدىكەن نىيەتلەردىكى،
توغرىلىقنى، سۇيىقەست، كەك[1]نى ئۇ.
كەچمىشلەرگە تارىخ گۇۋاھدۇر،
بۇ ئالەمگە ھەممىسى ئايان،
نى قىسمەتلەر ئۆتتى باشلاردىن،
ھەربىر قىسمەت داستان ۋە رومان.
يېڭى دەۋر كۆرسەتتى روشەن،
بىزگە تەڭلىك، ھۆر - ئادالەتنى.
قەدىرلەيمىز شۇڭا بارچىمىز،
ئىناقلىقنى ھەمدە بىرلىكنى.

× × ×

زامانىمىز بەردى خاتىمە،
ئىناقسىزلىق زېمىستانىغا.

---

① كەك — گىنە، ئۆچ مەنىسىدە.

قول تۇتۇشۇپ،
ئۆم بولۇپ شۇڭا
باستۇق ئالغا زور قوشۇن بولۇپ،
كەلگۈسىنىڭ گۈلىستانىغا.

1987- يىل 12- ئاي

# يۇرت قوشقى

بۇ يەر ئانا يۇرتۇم مېنىڭ،
تۇتاش ئاڭا رىشتىم مېنىڭ.
دەريا كەبى ئاقار شۇڭا،
مۇھەببىتىم - ئىشقىم مېنىڭ.

شۇنچە گۈزەلدۇر باغلىرى،
كۆككە تاقاشقان تاغلىرى.
ھۆسنى قىلادۇر مەھلىيا،
يۇرتۇم ئېسىل، پەخرىم مېنىڭ.

رەسسام گويا دېھقانلىرى،
سۈرەت ئېتىز بوستانلىرى.
كەتمەن قەلەم،
تەرى سىيا،
شاگىرت بولۇش ئەھدىم مېنىڭ.

خەلقى زېرەكتۇر تولىمۇ،
ھەر ئىشتا گۇلدۇر قولىمۇ،
پەنگە ھېرىسمەن ياش - قېرى،
چەكسىز شۇڭا مېھرىم مېنىڭ.

بۇندا تىرەن يىلتىز - غولۇم،
ھۆرمەتتە كۆكسۇمدە قولۇم.
مارىسقا چىقساممۇ ئەگەر،
شۇ يەردىدۇر كۆڭلۇم مېنىڭ.

سۆيمەيدۇ كىم ئۆز يۇرتىنى،
بەرمەيدۇ ھۆرمەت - مېھرىنى.
يۇرت سۆيمىگەن سۆيمەيدۇ ئەل،
دەر يۇرىكىم، ئەقلىم مېنىڭ.

1981- يىلى، ئاتۇش

# لاله

(ناخشا تېكىستى)

ئاق لاله، قىزىل لاله...
سۇمبۇل چاچلىرى تاله،
مەڭزىدە قارا خاله،
گۈلگۈن ھۆرۈ غىلمانە.

ئاھ... ھالىمغا نەچارە؟
قىلدىم ئۇ ئۈچۈن ناله،
مەن ئىشقىدا زار - زارە،
بولدى يۈرىكىم پارە.

لالىگە مەن پەرۋانە،
بولسام دەيمەن غەمخانە،
تۆكتۈم نەزمە - دۇردانە،
بۇ مېھرىمگە تىمساله.

× × ×

ئاق لاله، قىزىل لاله…
سومبۇل چاچلىرى تاله.
مەڭزىدە زىنىخ، خاله…
كۆيلىرىمگە خەندانە.

1997- يىلى، ئۈرۈمچى



# زۇننار

(ناخشا تېكىستى)

زۇننار - زۇننار،
—قىزلارنىڭ زىننەت - زىباسى،
سۆيگۈ ھەمراھ ھاياتنىڭ گۆھەر سىيماسى.
مۇھەببەتلىك رىسالە پۈتۈلگەن ئاڭا،
بۇيۇك شۇڭا ئۇنىڭكى قەدىر - باھاسى.

ھۆر - پەرىلەر ئارزۇلار زۇننارلىرىنى،
شىر قامەتلىك ئوغلانلار ئۇنىڭ شەيداسى.
ئارزۇ - مۇراد كۆلىدۇ چېھرىنى ئېچىپ،
گۈزەللىكتە شاھ زۇننار گۇۋاھ ھەقداسى.

× × ×

زۇننار - زۇننار،
—ھۆرلەرنىڭ زىننەت - زىباسى،
مۇھەببەتلىك دىللارنىڭ گۈلگۈن سىيماسى.

1999- يىلى، ئۈرۈمچى

# پارچىلار

## 1

تەر تۆكۈپ خاندەك ياشا، بۇزما ھامان،
جان تۇرۇپ خەيرگە قول سوزما ھامان.
مېھنىتىڭ بەرگەي ساڭا شاد بەزمىنى،
گۈل بولۇپ چاچقىن پۇراق، توزۇما ھامان.

## 2

لازىمدۇر بىر ئۆمۈر ساداقەت ئۈچۈن،
ۋىجدان ۋە ئىرادە ئۇنىڭغا مىزان.
ساداقەت ھەققىدە لاپ ئۇرغان ئەمەس،
ئەمەلدە كۆرسەتكەن ھەقىقىي ئىنسان.

## 3

ھايات بىزگە تۈگىمەس سوئال،
ئۇنى يېشىش ئىنسان ئۈچۈن بۇرچ.

يوللار سانسىز ۋە ئەگرى - توقاي،
مېڭىپ ئالغا دادىل زەپەر قۇچ.

4

ھەممە كىشى ئۆزى بىلگەنچە،
سۆزلىشىدۇ تاتلىق ھەققىدە.
مەن دەيمەنكى، ھەممىدىن تاتلىق،
ئەھيا بولغان شۇ دان ئەجرىدە.

5

ئېتىقادسىز بولسا گەر ئىنسان،
ۋاپا كەلمەس ئۇندىن ھېچقاچان.
يوق ئۇنىڭدا ئىنساپ - دىيانەت،
مىڭ ياخشىدۇر ئۇنىڭدىن ھايۋان.

2000- يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

# كۈز لىرىكىسى

كۈز كەلدى،
قەلبىمدىن شېئىرىي سۆز كەلدى،
ئېخ، بۇ كۈز زەپمۇ ئېسىل، ئۈز كەلدى.

× × ×

دالىلار، ئېتىز - قىرلار، چىمەن باغلار،
ھۆسنىنى تۈزەپ باشقا كىيىنىپتۇ.
كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ياسىنىشىپ،
جۇلالىق زەر ئېسىشىپ بېزىلىپتۇ.

دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار ئۈسسۈل ئوينار،
سۆيۈشۈپ چارباغدا بەزمە قۇرۇپ.
دىللارنى مەپتۇن قىلار جور بوپ ئاڭا،
خۇشناۋا بۇلبۇللىرى نەزمە ئوقۇپ.

شىۋىرلاپ سالقىن شامال سۆيۈپ يۈزنى،
قوشاقتا ئاھاڭ قوشۇپ ئۆتىشىدۇ.

مەجنۇنتال سايىسىدا يىگىت - قىزلار،
مۇھەببەت شارابىنى تۇتىشىدۇ.

قاياقتا كۆز تاشلىساڭ ئەلۋەكچىلىك،
مېۋىلەر قىيامىغا تولۇپ پىشقان.
خۇش پۇراق چاچار ئەتىر جىمى يەرگە،
ھالال تەر ھۇزۇرىنى كۆرەر ئىشچان.

ئامبارلار تولۇپ كەتكەن ئاشلىق بىلەن،
كۆڭۈللەر يايرار راسا شادلىق بىلەن.
تولۇپتۇ داستىخانلار ياڭزا - ياڭزا،
شىرنىلىك، نازۇنېمەت، تاتلىق بىلەن.

قورساق توق، ناخشىلارمۇ بۆلەكچە شوق،
شادلانماس كىممۇ بۇنداق ھالاۋەتكە؟!
تېخىمۇ باياشاتلىق كۆز ئالدىدا،
چىللايدۇ ھەسسىلەپ تەر - شىجائەتكە.
......
يەلكەندەك ئۇزىشىدۇ پاختىكارلا،
ئېتەككە «ئاق بۇلۇت» لار تولدۇرۇشقان.
تەشۋىشسىز، ئازادىدۇر دېھقان كۆڭلى،
قەلبىدە ئىشەنچ - ئارزۇ تولۇپ تاشقان.

گۈركىرەپ يەر ئاغدۇرار تراكتورلار،
بۇ كۈنلەر تېرىم ئۈچۈن بەلەن پۇرسەت.

مۇنبەت يەر قۇچىقىغا چۈشكەن ئۇرۇق،
قىشىنچە ئانا يەردىن ئىمەر شەربەت…

ئاپەتلىك يىللاردىكى كۆز كۆنلىرى،
چۈشىدۇ ئىختىيارسىز ئەسكە شۇتاپ.
ماختاشلار ئاڭلىناتتى «هوسۇل مول» دەپ،
ياغاتتى بىر تاغار چۈن «مىڭ تاغار» لاپ.

«سېخىي كۆز» غەم- تەشۋىشكە سېخىي ئىدى،
ئات ئۇلۇغ، سۇپرا بولسا قۇرۇق ئىدى.
ئەجر قىلىپ تەر تۆككەننىڭ يۈزى چورۇق،
«پەمى بار» كالتەكچىنىڭ يورۇق ئىدى.

بۇ گۈنچۇ؟
— دەۋر ئەلگە كۈلۈپ باقتى،
ئىشچانغا بەخت - ئىمكان قۇچاق ئاچتى.
راستتىنلا كەلدى خۇشال بۇ يىلقى كۆز،
تەر تۆككەن ئەزىز بولۇپ روناق تاپتى.

«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» غا ئىشەنچ كامىل،
داغدام يول كاپالەتتۇر هالاۋەتكە.
ئۈمىدكە ئىشەنچ قوشتى گۈزەل پەسىل،
ئارزۇلار قانار، يېتىپ كامالەتكە…

× × ×

خۇش پۇراق ئىپار چاچار باغۋارانلار،
گۈپۈلدەپ، لەززەت بېرىپ دىماغلارغا.
كۈز پەسلى مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلدى،
تاغ، ئېدىر، شەھەر، يېزا - قىشلاقلارغا.

ھە، بۇ كۈز بۆلەكچىلا گۈزەل كەلدى،
دىللاردىن ئۇنى كۈيلەپ غەزەل كەلدى.
تېخىمۇ ھۆر - باياشات كۈنلەر ئۈچۈن،
ئىشلەشكە كەڭرى پۇرسەت، مەھەل كەلدى.

2001- يىل 9- ئاي، ئاتۇش

# ھاياتىمنى سۆيۈپ ئۆتمەن

ھايات - ئىلھام،
— يازمەن شېئىر،
ياشلىقىمنى ئېسىمگە ئېلىپ.
كۆز ئالدىمغا ئالتۇن چاغلىرىم،
تۇنۇگۇنلا ئۆتكەندەك كېلىپ.

ئەپسۇس، ئاڭا بولماس قايتقىلى،
كەچۈرمىشلەر بىر شېرىن خىيال.
ۋاقىت دېگەن شۇنداق رەھىمسىز،
ئارمانلىرىم ئۇنىڭغا مىسال.

زېمىن بەرگەن گۈزەل ھاياتنى،
قەدىرلىدۇق قانچىلىك زادى؟
باھالايدۇ كېيىنكى ئەۋلاد،
بىزدىن قالغان تۇغرا - خاتانى.

ھالال مېھنەت قەدرىڭگە كېپىل،
ياقماس تەرسىز ھالاۋەت دېگەن.

ياشاش لازىم ئادەم - ئادەمچە،
هامان دۈشمەن خۇشامەت دېگەن.

خىيانەتتىن يىراق بوپ شۇڭا،
ئەجرىم بىلەن كۈلۈپ ئۆتىمەن.
ۋىجدان بىلەن، ئىرادە بىلەن،
هاياتىمنى سۆيۈپ ئۆتىمەن.

2003- يىل 1- ئاي



# دەۋر كۈيى

باققىنىمدا دەۋرىمىزگە زوقلىنىپ،
كېتەر جانۇ دىلىم بەكمۇ روھلىنىپ.
ياشلىقىمغا يانغۇم كېلەر قايتىدىن،
شۇ نەۋ قىران چاغنى ئەسلەپ شوخلىنىپ.
دىلدا بۇرچ، تەندىمۇ بار كۈچ - قۇۋۋەت،
قېرىلىقمۇ كېتىدۇ تەك ئۇنتۇلۇپ.
ئەسلىسەم باسقان يولۇمنى بىرمۇبىر،
ئۆتتى نى قىسمەت ئۇنىڭدا ئىز قويۇپ.
يول ئۇزاقتۇر ئەگرى - توقاي ھەم مۈشكۈل،
دادىل ماڭدىم مەن نىشانغا چىڭ تۇرۇپ.
ئەل ئىچىدە ياشىدىم، ئەجرىم بىلەن،
دوستلارغا دوست، ياۋغا قارشى تىغ بولۇپ.
ئىزدىنىشتە ئۆتتى يىللار بىتىنىم،
بىلىم - ھېكمەت تۈلپىرىنى ئوينىتىپ.
تۆھپە - تەرسىز ياشىسا كىم، بىلىمەن،
پۇشايماندىن ئۇ كېتەلمەس قۇتۇلۇپ.
مەنسۇپ ئەمەس شان - زەپەر بوش تەلۋىگە،
ئۇ كېلىدۇ مەرد - باتۇرغا گۈل سۇنۇپ.

ماڭا ھەمراھ بولدى ۋىجدان ھەرۋاقىت،
شۇڭا كەلدىم پاكلىقىمدىن نۇرلىنىپ.
كەچمىشىمگە ئەپسۇسلىنىش يوق مەندە،
ئادىمىيلىك بۇرچۇمنى كەلدىم تونۇپ.
ياشىنىپ قالساممۇ روھىم ياش مېنىڭ،
چۈنكى بارار مەندە ئىستەك ئۈلگىيىپ.
بار ئىرادەم ئەڭ ئاداققى دەمگىچە،
قەرزنى ئادا قىلار جەڭچى مەرد بولۇپ.
قەسەم بىللا گەر ۋەتىنىم بۇيرۇسا،
ئالىمەن چوڭ تاغنى يەردىن مەن يۇلۇپ.
مەن قەقنۇس، سۇمۇرغ بىلەن بەسلىشىپ،
ئۈچىمەن ھۆر دەنزىل ئۈچۈن نۇر بولۇپ.
ئەل رىزا، بىزمۇ رىزا، قىلساق ئەجىر.
يەر - جاھان كۈلگەي تۈتاش گۈلگە تولۇپ.

2003- يىل 1- ئاي



# ئايدىڭ كېچە

بۈگۈن يەنە ئاق ئايدىڭ كېچە،
زېمىن - ئاسمان گۈزەل ئۆزگىچە.
مەن بوۋايمەن، يېنىمدا موماي،
سەيلە قىلىپ يۈردۈق ھارغۇچە.
كەلدۈق ئاخىر مەجنۇنتال تامان —
ئەستىن چىقماس «كونا جاي» غۇچە.
بۇ يەر بىزگە بەكمۇ قەدىرلىك،
ئۇنتۇمايمىز مۇشۇ ياشقىچە.
كۈتتۈالدى تاللار يەلپۈنۈپ،
باشلىرىنى ئېگىپ يەرگىچە.
بىز يۆلەندۇق ئۇنىڭ غولىغا،
ئۇن - تىنىسىزلا بىر ھازاغۇچە.
بىردىن...
جۈپ قول قالدى ئۇچرىشىپ،
قىز...
ياق، موماي شۇ تاپ باشقىچە.
تۇتاش بولۇپ كەتتى تىنىقلار،
ھوشىمىزنى يىغىپ ئالغۇچە.

ئىللىق سېزىم كەتتى سىڭىشىپ،
ئېڭىمىزدا تۇنجى ئاق كېچە...

× × ×

ئېخ، مەجنۇنتال،
ئاق ئايدىڭ كېچە،
ھۇزۇرلاندۇق دىللار قانغۇچە.
پاك سۆيگۈدە ئىكەنغۇ مەنە،
قەدىرلىسەك ئەڭ ئاداققىچە.

2003- يىل 1- ئاي، ئۈرۈمچى



# ماكانىم بار تەڭرىتاغ ئاتلىق

ماكانىم بار مېنىڭ زوقلانغۇدەك زور تەڭرىتاغ ئاتلىق،
گۈزەل قوينىدا مول، سانسىز نېمەت ھەم بىباھا بايلىق.

دىلىمدىن سۆيۈنۈپ دەيمەن: مېنىڭ ئۇ ئەڭ بۈيۈك پەخرىم،
ئۇنىڭ نامى بېرەر بىزگە ئاجايىپ كۈچ، غۇرۇر، شادلىق.

ئاتا قىلغان ئۇنى بىزگە ئۆزىنىڭ نامىدا تەڭرىم،
قەدىمدىن تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ گۈزەللىكى داڭلىق.

ئۇ ئىسكەندەر كېلىپ بىرچاغ، دېگەن: كار قىلمىدى قەھرىم،
ئۇنىڭ ئالدىدا بوپ قالدۇق ئەجەب ئاجىز - ئەجەب چاغلىق.

زېرەك ئەۋلادى مەرد - باتۇر، ئېلىگە بارلىقى تەقدىم،
تىلەر دۇنياغا ئىللىقلىق، باراۋەرلىك، باياشاتلىق.

شەرق، غەربنى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يول»نى بىلەر ھەركىم،
جاھان رىشتىنى چىڭ باغلاپ، قىلار دوستلارغا غەمخانلىق.

هالال مېھنەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتنى دېيىشەر بەختىم،
كۆرەر ئۆچ شۇم - مىكىرلىكنى، ئۇدۇم - خىسلىتىدۇر پاكلىق.

دېڭىزدەك كەڭ كۆڭۈل - كۆكسى، بۇڭا قايىل جىمى ئىقلىم،
ئېگىز چوققىسىدا ئاق قار، نىشان پاكلىققا بۇ ئاقلىق.

ھۈنەر - سەنئەتنى قەلبىدىن سۆيەر بۇندا زېرەك قوۋمىم،
شۇ «ئون ئىككى مۇقام» يىلنىڭ ھەربىر ئېيىغا خاس - لايىق.

باخاشلاپ، سوزۇلۇپ مەغرۇر ياتار يۇرتۇمغا دەپ،— بەھرىم،
گويا جەننەت كەبى باغرى، يېشىلزارلىق - چارباغلىق.

يېڭى پۇرسەت، يېڭى ئىستەك ئېلىپ كەلدى ئاڭا دەۋرىم،
نىشان قىلدى ياراتماقنى تېخىمۇ گۈل - گۈلۈستانلىق.

جەسۇر قامەت، گۈزەل ھۆسنى مېنىڭ تاجۇ گۆھەر تەختىم،
ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلسام، تۈمەن قىسسە قىلار ئازلىق.

× × ×

ماكانىم بار مېنىڭ زوقلانغۇدەك زور تەڭرىتاغ ئاتلىق،
ئۇنىڭ ئوغلانىمەن دىلدا مېھىر - ھۆرمەت، غۇرۇر، شادلىق.

ئاڭا سادىق بولۇش پۈتكۈل ھاياتىمدا نىشان - ئەھدىم،
ئۇنىڭچۈن جان پىدا ئەيلەش ماڭا ۋىجداندىكى يارلىق.

2003- يىلى، تۇرپان

# سۆيۈملۈك دۇنيا

(ئاۋاز ئارتىسى مۇنەۋۋەر ئابلەتكە بېغىشلايمەن)

شېئىر يازدىم ئىلھامىم تېشىپ،
قەيسەر روھقا ھۆرمىتىم ئېشىپ،
گۈزەل ھايات مەنىسىن يېشىپ.

1

ھايات - پۇرسەت، بىباھا، تاتلىق،
ئىنسان ئۇندىن تاپىدۇ شادلىق،
قىلسا ئەجىر، ماڭسا تىرىشىپ.

ئۇ كېلىدۇ ئاران بىر قېتىم،
«قەدرىگە يەت!»، دەيدۇ ئىدرىكىم،
بولۇپ غەيۇر، شانغا ئېرىشىپ.

شېئىر يازغان،
لېكىن يازمىغان —
(ھېس ۋە تۇيغۇم تىنەپ - ئازمىغان)
كۆز ياشلىرىم بۇلاقتەك تېشىپ.

شۇ تاپ مېنىڭ بوغۇلۇپ گېلىم،
ئېسەدەشتە تۇتۇلۇپ تىلىم،
كەتتى يېشىم شېئىرغا سىڭىپ.

ئېسەدەيمەن نە ئۇچۇن مۇنچە،
كۆز يېشىمدىن تىزىمەن ئۈنچە،
نەزمەم بۇنى بېرىدۇ يېشىپ.

ئۇ، مۇنەۋۋەر — ئاۋاز ئارتىسى،
خۇش سادانىڭ ماھىر ئۇستىسى،
ئۆز كەسپىدە پىشقان يېتىشىپ.

تەھدىت سالتۇ ياش ھاياتىغا،
تىغ ئۇرماق بوپ پەي قاناتىغا،
مەرەز كېسەل چىرماپ يېپىشىپ.

باش ئەگمەيتۇ مۇنەۋۋەر ئاغا،
ئۆلۈمگىمۇ قىلمايتۇ پەرۋا،
كېسەل بىلەن ھارماي ئېلىشىپ.

يېگىپ جەگدە غەم ـ رىيازەتنى،
جارى قىلىپ پەم ـ جاسارەتنى،
ئۆمىدتىن زور كۆچكە ئېرىشىپ.

ئوتتۇز نەچچە ياشتا ئۇ تېخى،
بۇ هاياتنىڭ نەۋقىران چېغى،
ئۆتىدىغان كۆلۈپ قېنىشىپ.

ئۆيدە ئاتا ـ ئانا هەسرىتى،
ياش تېنىدە ئاغرىق دەهشىتى،
غەم ـ ئەندىشە كەلگەن بىرلىشىپ.

قىيىنسىمۇ جېنىنى كىسەل،
دەرد ـ ئازابنى ئۆتتۆيتى تۆگەل،
كەتكىنىدە ئىشقا كىرىشىپ.

چىداپ بارچە هەسرەت ـ ئەلەمگە،
پىسەنت قىلماي ئۆلۈم ـ ئەجەلگە،
قالماي سەپتىن ماڭدى تىرىشىپ،

هايات تاتلىق ـ شېرىن هەممىدىن،
سوراڭ يۈزگە كىرگەن كىشىدىن،
ئۆمرىگە هېچ ئۆتمەس قېنىشىپ.

چىن ئىنسانلىق مېهرىنى تۆكۈپ،
ياشىغانلار ئۆتىدۇ كۆلۈپ،

سازلىقتىنمۇ ھۆر يول تېپىشىپ.

ئۇ بولغاچقا ئۇمىدۋار ھامان،
قايىل بولدى كۆرگەنلا ئىنسان،
بىزگە مەڭگۇ ئۈلگە دېيىشىپ.

## 2

كىم ھاياتنى سۆيسە ۋىجداندىن،
ئازماي ھەرگىز غايە - نىشاندىن،
ۋاقىت بىلەن ئۆتەر بەسلىشىپ.

جان بېقىشچۇن ياشار بەزىلەر،
خۇشامەت قىپ باقار بەزىلەر،
كۈن ئۆتكۈزەر ئېزىلەڭگۈلىشىپ.

بىر تاسادىپ ئامەت تىلىشىپ،
تەرسىز بەخت - راھەت ئىزدىشىپ،
خۇدىن بىلمەي يۈرەر لەيلىشىپ.

قاقشىتىدۇ ئاتا - ئانىنى،
جەمئىيەتنى، سۆيگەن يارىنى،
مەي ئىچىشىپ، زەھەر چېكىشىپ.

تاپقىنىنى بۇزۇپ - چېچىشىپ،

ساغلام تەنگە كېسەل تېپىشىپ،
ھەتتا جاننى دوغا تىكىشىپ.

باشقىلاردىن ئاغرىنار تېخى،
تەقدىر ئاڭا ئەمەسمىش سېخى،
ۋايىسىشىدۇ يەنە پەسلىشىپ...

مۇنەۋۋەرنى تونۇپ كۆپ كىشى،
ئىختىيارسىز تۆكۈلدى يېشى،
يۈرىكىنى تۇتۇپ سىيلىشىپ.

ئۆيقۇسىدىن ئاچسا كۆزىنى،
ئىزھار قىلار قەلب سۆزىنى،
پۇشايماندا ئېغىر تىنىشىپ.

زەپ يەتمەيتتۇق ھايات قەدرىگە،
تېپىلغۇسىز ئىمكان، بەھرىگە،
غەپلەت ئارا قاپتۇق مۈگدىشىپ.

ھاياتنى سۆيمىگەن ئادەم،
دېسۇن قانداق، بار نىشان - غايەم؟
كەتكەن تۇرسا ئەقلى ئېلىشىپ.

مۇنەۋۋەر قىز بەردى ساۋاتنى،
ئويلاپ ئۇلار بىلدى ھاياتنى،

هوش - زېھنىنى يىغىپ تېپىشىپ.

بىلدى كۆپلەر، غايىسىز ئىنسان،
ئۆز بۇرچىنى ئۇنتار ھەرقاچان،
توغرا يولدىن چەتنەپ، ئېزىشىپ.

قەيسەرلىككە قايىل بولۇشتى،
قايتىدىن روھ - كۈچكە تولۇشتى،
ھاياتلىقنىڭ قەدرىن بىلىشىپ.

«ئەلنىڭ باتۇر، قەيسەر قىزى» دەر،
«ئۇلۇغلىنار ئۆچمەس ئىزى» دەر،
مۇنەۋۋەرگە ئۆمۈر تىلىشىپ.

× × ×

«سەن بىز ئۈچۈن سۆيۈملۈك دۇنيا»
بۇ سۆز بىزگە قىممەت - تۇتىيا،
دىل - دىللارغا كەتتى سىڭىشىپ.

ئاشۇ سۆزنىڭ مەنىسىن يېشىپ،
چىقتى كۈيۈم دىلدا يېتىشىپ،
قەيسەر روھقا ھۆرمىتىم ئېشىپ.

2003- يىل 6- ئاي، ئۈرۈمچى

# مەن — مۇئەللىم

مەن — مۇئەللىم،
— ئاددىي بىر ئىنسان،
دىلىمدا چىن ئەقىدە - نىشان.
شۇ نىشاندا ئۆتتى قىرىق يىل،
تەر - ئەجرىمگە گۇۋاھدۇر ۋىجدان.
مەن ئىشلىدىم ئىزدىنىپ دائىم،
بۇرچۇم ئۈچۈن پىدا قىلىپ جان.

ئۆتتى كۈنلەر، كەسپىمنى سۆيۈپ،
ئېغىر يۈكنى يەلكەمگە يۈدۈپ.
يېتەكلىدىم شاگىرتلىرىمنى،
ئەقىل بىلەن ياشاشقا ھامان.
ئايىمىدىم كۈچۈم - بارىمنى،
دېمەي ئەمەل ۋە يا شەرەپشان.

مەكتەپ، سىنىپ بولدى ماكانىم،
كىتاب، قەلەم بولدى قورالىم.
شاگىرتلىرىم بولدى ھەمراھىم،

دىل رىشتىنى دىللارغا چاتقان.
بولدى ئۇلار سىرداش، قەلبداش،
بىر مەقسەتتە، بىر سۇدا ئاققان.

شاگىرتلارغا كۆيۈنۈپ ئۆتتۇم،
تۆككەن تەردىن سۆيۈنۈپ ئۆتتۇم.
يىراق بولدۇم نىجىس - تەمەدىن،
قىلىپ بىلىم، ئەخلاقنى مىزان.
(ھالال، پاكلىق — ئادەم زىنىنىتى؛
پەزىلەتنى قەلبىم تاللىغان).

سانسىز قىسمەت ئۆتتى بېشىمدىن،
كۆرگەنلىرىم ئارتۇق يېشىمدىن.
«قورۇق»، «ئاق» لار باستى ۋاقىتسىز،
كەچمىشلىرىم مىڭ قىسسە - داستان.
بەردىم بەرداش بوران - چاپقۇنغا،
سەپتىن قالماي ماڭدىم ھەرقاچان.

«سىپىسىق» بولدۇم ھېلىقى يىللار،
(ئەگرى - توقاي ئىكەنغۇ يوللار...)
«داد!...» دېمىدىم، بولدۇم ئۇمىدۋار،
ھامان گۈزەل كۆرۈنۈپ جاھان.
ماڭا شۇ كۈچ بولدى مەدەتكار،
يۈرىكىمدە ياندۇرۇپ گۈلخان.

شاگىرتلارغا بولغان مۇھەببەت،
بېرەر ئىدى ئىلھام، كۈچ - قۇۋۋەت.
دەيتتى كۆڭلۈم:
— ئۇنتۇما ھەرگىز،
ئەۋلاد - مايسا، تېخى ياش، يۇمران.
تەشنالىقى قانسۇن ۋاقتىدا،
پەرۋىش قىلغىن، ئاسرىغىن ئوبدان.

تالاي تۈننى تاڭغا ئۇلىدىم...
بىلىمگەننى بىلىپ، تونۇدۇم.
شاگىرتلارنىڭ قەلبىگە ئويدۇم:
«بىلىمسىزلىك قىلىدۇ ۋەيران.
ئادەمكەنمىز - ئادەمچە ياشاش،
يولى پەقەت ئېرپاندۇر - ئېرپان».

بىلىمسىزنىڭ يولى تار، دېدىم،
كۆرەر كۈنى ھامان خار، دېدىم.
ئۆگەنمىسەڭ، ئىزدەنمىسەڭ گەر،
سېنى لازىم قىلمايدۇ زامان.
تەر - ئەجرسىز كۈلمەيدۇ ئىقبال،
يار ۋەسلىگە يېتەلمەس ئارمان.

ئارزۇلارغا باغلانغان دىلىم،
ئارمانلارغا بۆلەنگەن تېنىم.

ۋەدە قىلغان ئەزىز جېنىمنى،
شۇ ئارمانچۇن قىلىشقا قۇربان.
«يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن،
قاچان، نەدە چېكىنگەن - يانغان! ؟

مەن ياشىدىم، ئورنۇم تۆۋەندە،
(سالاملار بار «يەتتە قەدەم...» دە).
سېرىقتال بوپ ئۆتسىمۇ كۈنلەر،
توقتۇر كۆڭلۇم،
هۆرمەتتە سۇلتان.
هالال ئۆتتۇم، ئەمما ئادەممەن،
دېيەلمەيمەن: «يوق زادى نۇقسان».

باي ئەمەسمەن، نامراتمۇ ئەمەس،
لېكىن دىلدا يالقۇنلۇق هەۋەس.
شۇ هەۋەستىن يېتىلگەن بىر روھ؛
مەن ئەۋلادقا پەرۋىشچى - غەمخان.
ئاچقانلىرىم ئەقىل بۇلىقى،
هەر بۇلاقتا ئەجرىم نامايان.

جاي - جايلاردا مېنىڭ ئىزلىرىم،
دىل - دىللاردا ساۋاق سۆزلىرىم.
تىلەكلەرگە سىڭىپ ئۆمىدىم،

ئۇچۇرما بوپ كېتىشەر ھەريان.
دەيمەن ھامان شۇڭقارلىرىمغا:
قۇچۇپ زەپەر، ياشاڭلار ئامان! ...

× × ×

بۇگۈن مېنىڭ ئاتمىشتا يېشىم،
كۆڭلۈم كەبى ئاقاردى بېشىم.
بارلىقىمنى ئەلگە ئاتىدىم،
يوق ئۆمۈرگە قىلچە پۇشايمان.
قەلبلەردە نامىم - سۈرىتىم،
سەپ - سەپلەردە تىلىكىم ئايان.

مەن — مۇئەللىم!
ئاددىي بىر ئىنسان،
يۈرىكىمدە ئۇلۇغۋار نىشان.
مېڭىپ تىنماي يوللارنى ئاچتىم،
ئەۋلادلارنى يېتەكلەپ ھامان.
مىڭ رازىمەن چەبدەس شاگىرتلار،
ۋەتەن ئۇچۇن قۇچسا شەرەپشان.

2003- يىل 12- ئاي، ئۈرۈمچى

# مۇئەللىمە

مۇئەللىمە — سۆيۈملۈك ئۇستاز،
كۆيلىرىمنىڭ گۈلى - رەناسى.
سىز بۇزرۇكۋار كۆيۈمچان ئانا،
ھاياتىمنىڭ گۈزەل مەناسى.

1

سىز ئەۋلادلار مۇئەللىمەسى،
سىز «بىلىش» نىڭ مۇقەددىمەسى.
سىز ھاياتنىڭ مۇئەللىپەسى،
سىز تارىخنىڭ مۇھەررىرەسى.

سىزسىز ئىنسان - ئىنسان بولالماس،
سىز مۇھەببەت مۇئەككىلەسى.
ئاتىلارنىڭ يۆلەنچۈكىسىز،
( پەرزەنتلەرنىڭ بۆلەنچۈكىسىز )
ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ ئەزىزەسى.

ئەجىر - مېھنەت، پەرۋىش - تەربىيە...
سىزدە ئايان مۇجەسسەمەسى.
دېڭىزدىن كەڭ كۆڭۈل - كۆكسىڭىز —
سىز بىغۇبار روھ نەمۇنەسى.

## 2

سىز بىلىمنىڭ ئۇل - خەزىنەسى،
سىز ئەخلاقنىڭ مۇكەممەلەسى.
سىز پاكلىقنىڭ مۇنەۋۋىرەسى،
سىز ئۇلۇغلۇق مۆھتىرىمەسى.

دەستۇر قىلغان خىسلىتىڭىزنى،
ھاياتلىقنىڭ ھەر سەھىپەسى.
ئەجرىڭىزدىن پىشىپ يېتىلەر،
ئەدەپ - ئەخلاق، پاك ئەقىدەسى.

## 3

سىز ئەۋلادلار مۇئەللىمەسى،
سىز «بىلىش» نىڭ مۇقەددىمەسى.
ئەڭ كۆيۈملۈك تەربىيىچىسىز،
ئۇستازلىقنىڭ تۇنجى سەركىسى.

ئاپئاق چاچلار...
سۆيۈملۈك چېھرە...
مېھىر، كۆيۈم - شەپقەت قىسسەسى.
ئۆتكەن يىللار، قىسمەت كەچۈرمىش...

ئۆمرىڭىزنىڭ چىن ئەسلىمەسى.

ئالەمدە كۆپ ئېچىلمىغان سىر،
قولىڭىزدا ئاچقۇ يەشمىسى.
ئۇزۇلمەيدۇ (مەڭگۇ) ئىنسانىنىڭ،
سىزگە بولغان مېھىر رېشتىسى.

شۇ رېشتىدە مۇھەببەت، ھۆرمەت —
ئېھتىراملىق كۇي - قەسىدەسى.
ئېسىقلىقتۇر دىللار تۆرىگە،
«ئۇستاز - ئانا!» — دېگەن لەۋھەسى.

2004- يىل فېۋرال، ئۇرۇمچى



# سایاھەت نەزمىلىرى

## فونتان

ئابۇدەبى[1]،
دېڭىز قانىلى،
قىرغاقلىرى دەرەخزار، بوستان.
بۇندا كىچىك تاغسىمان چوققا،
شۇ چوققىدا زەپ گۈزەل فونتان.

كۆپ كۆرگەنمەن فونتان دېگەننى
لېكىن،
ئوخشىمايدىكەن ئاڭا ھېچبىرى.
چۈشىدىكەن ئوقچۇپ تۆۋەنگە،
مەرۋايىتتەك نۇرنىڭ ئېقىنى.

بۇزغۇنلىرى نۇرغا قېتىلىپ،
چاقنايدىكەن ھەريان چېچىلىپ.

---

① ئابۇدەبى — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى.

گۆھەر چاچقۇ بوپتۇ شەھەرگە،
تۇمەنمىڭ خىل گۇلدەك ئېچىلىپ.

سەيلە قىلدىم مەھلىيا بولۇپ،
ھۇزۇرلىنىپ، كۆڭلۇم ئېچىلىپ.
كۈي تۇغۇلدى تۇيغۇلىرىمدىن،
چاچقۇلارغا سىڭىپ قېتىلىپ.

نەزىرىدە ئەرەب خەلقىنىڭ،
ھەربىر رەڭنىڭ باركەن مەناسى.
قىزىل، يېشىل—··· خۇشاللىق - بەخت،
ۋە بايلىقنىڭ ئىكەن سېيماسى.

شۇ مەنىنى قىلار ئىپادە،
فونتان سۈيى رەڭدار ئېتىلىپ.
ئەرەب روھى، ئەرەب ئارزۇسى،
شۇ رەڭلەرگە كەتكەن سىڭىشىپ.

چاچراپ تۇرسا فونتان ئېتىلىپ،
نۇر ئىلكىدە كېتىسەن يايراپ.
زەپ ياراشقان ئابۇدەبىگە،
ئاشار زوقۇڭ ھۆسنىگە قاراپ.
قايىل بولۇپ گۈزەللىكىگە،
يازدىم شېئىر شەنىگە ئاتاپ.

1999- يىل 16- سېنتەبىر، ئابۇدەبى

# ئالمىزاردا

كۆپكۆك دېڭىز، ياپپېشىل قىرغاق،
ئالمىزارغا ئاچقان كەڭ قۇچاق.
چۆمۈلىدۇ بۇندا ئادەملەر،
شۇنچە خۇشال، شۇنچە شوخ، قۇۋناق.

مەنمۇ چۈشتۇم دېڭىزغا بۈگۈن،
قۇچاق ئاچتى مەيىن دولقۇنى.
«كەل، مېھمىنىم!» دېگەندەك بولدى،
قۇلىقىمغا خۇشخۇي شاۋقۇنى.

قىرغاق بويلاپ، ئوينىاپ بەھۇزۇر،
ھۇزۇرلىنىپ ئۈزدۈم، چۆمۈلۈپ.
مەن يايرىدىم،
ئوينايتتى دولقۇن،
گاھ كۆتۈرۈپ، گاھى چۆكۈرۈپ.

دېڭىز مېنى يۇيۇپ سۆيەتتى،
كۆيۈنگەندەك ئانا بوۋاققا.

باخاشلايتتىم مەنمۇ سۆيۈنۈپ،
سۆيگۈم قېتىپ ئىللىق قۇچاققا.

قاناتلىنىپ پىكىر - خىيالىم،
كەتتى ئۇچۇپ يىراق - يىراققا.
دېڭىز، ئاسمان سۆزلەيتتى گويا:
— سۇ ۋە تۇپراق كېپىل هاياتقا.

مەن چۈشەندىم،— دېدىم دېڭىزغا،
سۇ ۋە تۇپراق، ئادەم تۇغرۇلۇق.
بىلدىم، بىرسى كەم بولسا ئەگەر،
ئادەممۇ يوق، هاياتلىقمۇ يوق.

× × ×

قىرغاق بويلاپ، ئالتۇنبېلىقتەك،
ئۈزدۈم راسا كۆڭلۈم ئېچىلىپ.
كۆي تۇغۇلدى تۈيغۇلىرىمدىن،
چاچقۇلارغا سىڭىپ قېتىلىپ.

1999- يىل 12- سېنتەبىر، دۇبەي

# خورما كۆيى

خورمىنى سالدىم ئېغىزغا، بال، دېدىم،
خۇش شىرىنلىك تەمىگە دىل لال، دېدىم.
خورمىنى تۇتقان يىگىتكە قول بېرىپ،
رەھمىتىمنى كۆي - ئاھاڭغا سال، دېدىم.
بۇ، بېھىشنىڭ مېۋىسى — تاتلىقتا تاج،
پاك مۇھەببەتكە ئۇلۇغ تىمسال، دېدىم.
شۇ مۇھەببەت ئىگىسى ئادەم ئاتا،
ئۇنتۇما، ھەرچاغ ئېسىڭگە ئال، دېدىم.
باشلىدىم نەزمەمنى مەنمۇ، سەنمۇ ھەم،
بارچىمىزغا ماس يېڭى كۆي چال، دېدىم.

1999- يىل 18- سېنتەبىر، ئابۇدەبى

# پرامىدا ئالدىدا

كىم ياسىغان پرامىدانى؟
(كىم بولسىمۇ...
— ئەڭ زور مۆجىزات!)
بۇنى بىلمەك قىيىن ئەلۋەتتە،
ھەركاللىدا ھەرخىل تەسىرات.
شىر قامەتلىك ئاشۇ ھەيكەلدىن،
تۇغۇلىدۇ سوئاللار قات - قات.
تاش ئويمىلار، ھەيكەل، قەبرىلەر،
مىڭ - مىڭ يىللىق سىرلىق سۈكۈنات.
موميالارغا قالىسەن ھەيران،
نېمانچە كۆپ بۇندا تىلسىمات؟!
ئېچىلماپتۇ فىرئەۋىن قەبرىسى،
ئۇنىڭ سىرىمۇ ئىنسانلارغا يات.
ھەربىر تاشقا جاۋابلار خىجىل،
سىرلىق زېمىن...
قۇملۇق جەزىرات.
سىمۋول بولار زادى نېمىگە،
شىر بەدەنلىك، ئادەم باشلىق زات!؟

مەن ئويلىدىم:
— دۇنيادا پەقەت،
ئادەمگە خاس بۇ ھەيۋەت سۇبات.
ئادەمگە خاس كۈچ، ئەقىل - ئىدراك،
ئادەمگە خاس ئىختىرا، ئىجاد.
بىزگە مەلۇم، ئۇزاق زاماندىن،
ياشاپ كەلگەن بۇندا ئادەمزات.
ئېھرامدىكى ھەربىر قۇرۇلما،
ھۈنەر، بىلىم، قۇدرەت، كەشپىيات...
سىرلىق زېمىن - سىرلىق كائىنات...
نېمانچە كۆپ بۇندا مۆجىزات!؟
ئېھرامغا تىك قۇياشقا باقتىم،
دېدىم:
— يېشەر كېيىنكى ئەۋلاد!

1999- يىل 21- سېنتەبىر، قاھىرە



# نېمانچە تاتلىق بۇ مېۋە

بىر خورمىنى قولۇمغا ئېلىپ،
پاھ!... دېۋەتتىم، ئاغزىمغا سېلىپ.
يايراپ كەتتى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
خۇش - شېرىن تەم تىلىمنى يېرىپ.

نېمانچە تاتلىق بۇ مېۋە!؟...
ئاشۇ سوئال كۆڭلۇمگە كېلىپ؛
سورىۋىدىم ئەرەب يىگىتتىن،
كۈلۈپ كەتتى ئويۇمنى بىلىپ.

— مۇشۇ زېمىن ئۇنىڭ ماكانى،
قۇم تۇپراقتا ياشنار قەد كېرىپ.
ئۇ پىشىدۇ قۇياش تەپتىدە.
قىزىل، سۇزۇك ئالتۇن رەڭلىنىپ.

ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقاد، مېھرى،
شېرىنلىككە شېرىنلىك قېتىپ؛
ئۆستۈرىدۇ ئاسراپ، پەپىلەپ،
ئۇنىڭ قىممەت - قەدرىگە يېتىپ.

ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا،
ئىبلىس شەيتان كەينىگە كىرىپ؛
چەكلەنگەن بىر مېۋە يەپ قېلىپ،
جەننەتتىنمۇ كەتكەن ھەيدىلىپ.

شۇ چاغ ئۇلار جەننەت ئىچىدىن،
خورمىنىمۇ چىقىشقان ئېلىپ.
بولۇپ ئاخىر ئادەمگە نېسىپ،
بۇ زېمىندا ئۆسكەن يېتىلىپ.

تاتلىق تەمگە ئۇلۇغ مۇھەببەت،
كەتكەن دېمەك سىڭىپ قېتىلىپ.
نى - نى مېۋە ئۇنىڭ ئالدىغا،
ئۆتەلمەيدۇ دادىل پېتىنىپ.

ئەرەبلىكلەر شۇڭا مېھمانغا،
تۇتار ئاۋۋال ئۇنى چوڭ بىلىپ...
سۆزلەر ئىدى ئەرەب يىگىتى،
پەخىرلىنىپ، سۆيۈنۈپ، كۈلۈپ.
بىلدىم،
خورما — جەننەت مېۋىسى،
يېدىم مەنمۇ شۇنچە سۆيۈنۈپ.

1999- يىل 15- سېنتەبىر، دۇبەي

# مەن دېڭىزدا

دولقۇن يېرىپ چۆمۈلىمەن،
چىقىپ قۇمغا كۆمۈلىمەن.
دېڭىزدا سۇ، قىرغاقتا كۈن —
نۇرى بىلەن يۇيۇنىمەن.
دولقۇن بىلەن قىرنى سۆيۈپ،
چاچقۇ بولۇپ تۆكۈلىمەن.
يەر، سۇ، نۇر بار — ھاياتلىق بار،
شۇڭا خۇشال سۆيۈنىمەن.
ھۆرمىتىمنى قىلىپ ئىزھار،
بېشىم ئېگىپ يۈكۈنىمەن.

1999- يىل 15- سېنتەبىر، دۇبەي

# ۋەتەن

يەر شارىنىڭ سىيماسىنى،
ئايغا قاراپ كۆرۈپ قالدىم.
تەگرىتاغنىڭ جۇلاسىنى،
ئۇندا ئېنىق تونۇپ قالدىم.

تاتلىق، چوڭقۇر ھېسقا چۆمۈپ،
خىياللىنىپ تۇرۇپ قالدىم.
ئۆزگە ئەلنىڭ بار نېمىتى،
بىزگە ياتكەن تۇيۇپ قالدىم.

سۇمۇرغ بولۇپ قاناتلاندىم،
ئۆز يۇرتۇمغا قونۇپ قالدىم.
«بالام!» دېدىڭ،
«ئانام!» دېدىم،
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قالدىم.
«ۋەتەن» دېگەن بۈيۈك نامنى،
كۆيلىرىمگە قوشۇپ قالدىم.

1999- يىل 29- سېنتەبىر، شارجان

# ئىلىم مارشى

بىز ياش ئەۋلاد ئەل ئىشقىدا يالقۇن قەلبىمىز،
ئىلىم - ئېرپان ئىگىلەشتۇر نىشان، ئەھدىمىز.
ئەل ئارزۇسى كۈچ - قۇۋۋەتتۇر ۋۇجۇدىمىزغا،
شۇ ئارزۇنى ئورۇنداشقا تەييار ھەممىمىز.

كۆرەش بىلەن قۇچاق ئاچار گۈزەل كەلگۈمىز،
ئەقىل بىلەن ئېچىمۇ ھۆر بولار بەختىمىز.
ساغلام تەندە، پاك ئەخلاقتا قىممەت - قەدرىمىز،
تەر تۆككەننى، ئىزدەنگەننى سۆيەر خەلقىمىز.

× × ×

بىز ياش ئەۋلاد ئەل ئىشقىدا يالقۇن قەلبىمىز،
ئىلىم - ئېرپان ئىگىلەشتۇر نىشان - ئەھدىمىز.
جان تەسەددۇق خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدى ئۈچۈن،
ئېچىمۇ شاد كۆلگەي گۈزەل ئىقبال، ئەتىمىز.

2006- يىلى، ئۈرۈمچى

# ئۇستاز قوشقى

ئوقۇتقۇچى بولدۇم بىر ئۆمۈر،
ئىچىپ ئەقىل بۇلاقلىرىنى.
ياش بوغۇنلار قەلبىگە ھەردەم،
يېقىپ ئىلىم چىراغلىرىنى.

زەمزەم بەردىم غۇنچە - چېچەككە،
خۇشبۇي قىلىپ پۇراقلىرىنى.
نوتىلارنى ئۆستۈردۇم ھامان،
چاتاپ ياۋا پۇتاقلىرىنى.

سەرپ قىلىپ يۈرەك قېنىمنى،
بەردىم ھايات ساۋاقلىرىنى.
يېتەكلىدىم، كۆرسەتتىم يولنىڭ،
ھەرخىل يېقىن - يىراقلىرىنى،

كۆردى، بىلدى،
سەزگۈر ئەۋلادلار.
پارلاق ئىقبال قىرغاقلىرىنى.

بۆسۇپ ئۆتتۇق بىرگە سەپ تۈزۈپ،
مۇشكۇلاتلار توساقلىرىنى.

هارماي مېڭىپ يولدا تەقدىرنىڭ،
كۆردۇق ھەرخىل سىناقلىرىنى.
تىلسىملارنى ئاچتۇق بىرمۇبىر،
ئېيتىپ زەپەر قوشاقلىرىنى.

لەپىلدەتتۇق تەر، ئەقىل بىلەن،
شان - زەپەرنىڭ بايراقلىرىنى.
بىز يامىشىپ داۋانلار ئاشتۇق،
ئاچتى ۋىسال قۇچاقلىرىنى.

شەرەپ قۇچتۇق ئەجىرگە لايىق،
بېزەپ تارىخ ۋاراقلىرىنى.
بەردى خەلقىم باھا، مۇكاپات،
چېلىپ ئالقىش چاۋاكلىرىنى.

× × ×

ئەنە، سانسىز ئىز باسارلىرىم،
قاقتى سۇنماس قاناتلىرىنى.
ئەنە، ئاچتى چاقىرىپ گۈزەل،
ھۆر كېلەچەك قۇچاقلىرىنى...
بەختىم ئاشۇ دېدىم ياڭرىتىپ،
ئۇستازلىقنىڭ قوشاقلىرىنى.

2006- يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئابلىكىم روزى

# گۈلدەستە

## شەرەپ تۇيغۇسى

بۇ جاھاندا ئادەمنى،
شانۇشەرەپ كۈلدۈرەر.
بۇ جاھاندا ئادەمنى،
ئىزا - نومۇس ئۆلتۈرەر.

بىلىۋالدىم شۇڭا مەن،
نومۇس بىلەن شەرەپنى.
ھەربىر ئىشتا ئۆزۈمگە،
قويدۇم قاتتىق تەلەپنى.

ئېسىل خىسلەت، ياخشى ئىش،
ئامەت ئىكەن، شەرەپكەن.
شۇ شەرەپنىڭ يىلتىزى،
گۈزەل ئەخلاق، ئەدەپكەن.

ناچار ئادەت، ئەسكى ئىش،
ئادەم ئۆچۈن نومۇسكەن.
نومۇس ئىشنى قىلماسلىق،
ھەقىقەتەن دۇرۇسكەن.

كۆچەيمەكتە قەلبىمدە،
شانۇشەرەپ تۈيغۇسى.
ماڭا شەرەپ گۈللىرى،
مەڭگۈلۈك دوست بولغۇسى.

2006- يىل 5- ئاي

# گۈلدەستە

ۋەتەن — ئالتۇن تېغىمىز،
يايرايدىغان بېغىمىز.
گۈزەل ئىللىق قويىنىدا،
خۇشال ئۆتەر چېغىمىز.

ۋەتەن — غەمخار ئاتىمىز،
ئەڭ مېھرىبان ئانىمىز.
ئانا ۋەتەن ئىشقىدا،
گۈلخان بولۇپ يانىمىز.

بايرام بۈگۈن - توي بۈگۈن،
ئۇلۇغ ئانا ۋەتەندە.
ۋەتەن قۇچتى شان - زەپەر،
باسقان ھەربىر قەدەمدە.

كۆلمەكتىمىز باللار،
قولىمىزدا گۈلدەستە.
ئانا ۋەتەن تويىغا،
تىزدۇق ئۇنى بەسبەستە.

# ئىمتىھان

(خور تېكىستى)

قەلبىمىزنى يورۇتار،
ئانا مەكتەپ - ئانجان.
ئادىل باھا بېرىدۇ،
بىزگە ھەربىر ئىمتىھان.

ئىمتىھاندىن قورقمايدۇ،
بولسا ئادەم تىرىشچان.
تىرىشچانلار تاپىدۇ،
ئىمتىھاندا شەرەپ - شان.

قورقۇنچلۇق ئەمەس سەن،
ئەي ئىمتىھان، ئىمتىھان.
قىلدۇق پۇختا تەييارلىق،
سىنىڭ ئۇچۇن ھەرقاچان.

2006- يىل 11- ئاي

# رېستورانغا بارمايچۇ، ئانا

(باللادا)

## 1

زۆھرە ئانام - سېسترا،
مېنىڭ ئىسمىم جىنەستە.
دادام ئۆلۈپ كەتكەنتى،
مەن مەكتەپكە كىرمەستە.

مانا، خېلى چوڭ بولۇپ،
كىرىپ قالدىم توققۇزغا.
ئانام دېدى: «مەن بۇ يىل،
يېقىنلاشتىم ئوتتۇزغا.»

ئۆستۈرمەكتە جان ئانام،
مېنى دائىم پەپىلەپ،
مەن ئانامنى سۆيىمەن،
چىڭ قۇچاقلاپ، ئەركىلەپ.

دەيمەن: ئانا، سەن بىلەن،
خۇشال ئۆتەر ھاياتىم.
ئانام دەيدۇ: سەن مېنىڭ،
سۇنماس ئالتۇن قانىتىم…

لېكىن، بىر ئىش مېنى كۆپ،
ئوي - خىيالغا چۆكتۇردى؛
يالغۇز قالغان چاغلاردا،
كۆزۈمدىن ياش تۆكتۈردى.

سورىساڭلار شۇ ئىشنى،
خاتىرەمگە قاراڭلار.
شۇنداق ئىشتا بارمۇ - يوق،
داداڭلار يە ئاناڭلار؟

## 2

ئانام مېنى ئېپ باردى،
رېستورانغا كۆپ قېتىم.
بولۇپ قالدىم ئۇ يەردە،
ئىگىسى يوق بىر «يېتىم».

قىزىق يەركەن رېستوران،
مېھمانلىرى مىغ - مىغكەن.

قورۇمىسى بۇ جايىنىڭ،
ھەم سوغۇق، ھەم پىژ - پىژكەن.

ئولتۇراركەن ئەر - ئايال،
شىرەلەرنى چۆرىدەپ.
سۆزلەيدىكەن ساھىبخان،
تەزىم قىلىپ، ئۆرىدەپ.

قېنى خوش! دەپ مېھمانلار،
يەپ قورۇما، تاماقنى؛
رۇمكىلارغا تولدۇرۇپ،
ئىچىدىكەن هاراقنى.

ئاياللارنىڭ ئىچكىنى،
ئاق ئەمەسكەن، قىزىلكەن.
دېيىشەركەن مېھمانلار:
«بۇ هاراق بەك ئېسىلكەن!…»

باشلىناركەن ئارىدا،
كۈلكە، چاقچاق، يۇمۇرلار.
ئوينىلاركەن سەھنىدە،
ناخشا - ئۇسسۇل، نومۇرلار.

ئوينىغاندا بەزىلەر،
سەكرەيدىكەن پۇلاڭلاپ.

(خۇددى سېمىز ئۆردەكتەك،
ھەر تەرەپكە ئىرغاڭلاپ).

توختىماستىن ھەممەيلەن،
تانسىلارغا چۈشەركەن.
ئوينىغاندا دېسكونى،
چىراغلارمۇ ئۆچەركەن.

ۋارقىراركەن بەزىلەر،
شىرە مۇشتلاپ، مەست بولۇپ.
يۈرىدىكەن بەزىلەر،
ئېگىز بولۇپ، پەس بولۇپ.

ھەر خىل ئاچچىق پۇراقلار،
ئېچىشتۇرار دىماغنى.
ناخشا - سازنىڭ ئاۋازى،
پاڭ قىلاركەن قۇلاقنى.

ئېچىلاركەن رېستوران،
يېرىم كېچە بولغۇچە.
ئوينايدىكەن مېھمانلار،
تاكى تەرلەپ ھارغۇچە.

3

رېستوراندا بار ئىكەن،
مەندىن كىچىك باللار.

ئېلىپ كەپتۇ ئۇلارنى،
شۇ كۈيۇمچان ئانىلار.

ئۇلار ئۇسسۇل ئويناركەن،
ئانىلارغا ئەگىشىپ.
يۇگرەيدىكەن سەھنىدە،
دىككاڭ - دىككاڭ سەكرىشىپ...

مېنىڭ ئانام تانسىغا،
ئامراق ئىكەن قەۋەتلا.
ئويناۋەردى، مەن بىلەن،
كارى بولماي پەقەتلا.

ئانىسى يوق قوزىغا،
ئوخشاتتىممەن ئۆزۈمنى.
خىيال سۇردۇم بىر هازا،
يۇمۇۋېلىپ كۆزۈمنى.

گاهى چىقىپ كەتتىممەن،
رېستوراننىڭ ئالدىغا.
مەستلەر چىقسا دەلدەڭشىپ،
مۆكۈۋالدىم دالدىغا.

گاهى ئۇخلاپ قالدىممەن،
ئورۇندۇققا يۆلىنىپ.

(ياڭراق ناخشا ـ سازلارنىڭ
«بۆشۈكى» گە بۆلىنىپ) .

ئانام مېنى ئويغىتىپ،
دەيدۇ: قىزىم، ماڭغىنە.
ئۆيگە بېرىپ ئۇيقۇغا،
تازا ئوبدان قانغىنە...

— توختا، — دېدىم ئۆزۈمگە، —
ئانامغا بىر گەپ قىلاي.
رېستورانغا بېرىشنى،
ئەمدى چوقۇم رەت قىلاي.

4

دېدىم ئاستا ئانامغا،
بىر كۈنى تاڭ سەھەردە:
«ئانا، ساڭا گېپىم بار،
رەنجىمىسەڭ ئەگەردە.

جېنىم ئانا، قوشۇلساڭ،
رېستورانغا بارمايچۇ.
قانالماستىن ئۇيقۇمغا،
دەرستە كېيىن قالمايچۇ.

باللارغا رېستوران،
باب ئەمەسكەن، مېنىڭچە.

ئويلاپ باققىن، بۇ سۆزۈم،
توغرىمۇ - يوق، سىڭىمچە؟…»

ئانام دېدى جاۋابەن،
ماڭا قاراپ ھەۋەستە:
— قىلغان سۆزۈڭ توغرىدۇر،
ئوماق قىزىم جىنەستە.

**5**

شۇندىن بۇيان مەن زادى،
رېستورانغا كىرمىدىم.
ئۇسسۇل - تانسا دېگەندىن،
بىزار بولدۇم، كۆرمىدىم.

خۇشالمەنۇ خۇشالمەن،
رېستوراندىن قۇتۇلغاچ.
مەن شۇ تاپتا گوياكى،
پەرۋاز قىلغان قارلىغاچ.

دەيمەن: ئانا مەكتىپىم،
رېستوراندىن ياخشىدۇر.
ئۇستازىمنىڭ سۆزلىرى،
ئەڭ يېقىملىق ناخشىدۇر…

2002 — 2006- يىللار

# «كىچىك مۇخبىر» دېگەن نام···

«كىچىك مۇخبىر كۇرژۇكى» ،
قۇرغان ئىدۇق يېقىندا.
بۇنى مەكتەپ، ئۇستازلار،
ئالقىشلىدى يىغىندا.

كېلىپ مۇخبىر تاغاملار،
ئۆتۈپ بەردى بىزگە دەرس.
قەلبىمىزدە قوزغالدى،
ئاخباراتقا زور ھەۋەس.

چۈشەندۇق بىز خەۋەرنىڭ
ئەھمىيىتى، رولىنى.
بىلىۋالدۇق ئاز - تولا،
قانداق يېزىش يولىنى.

بىلىۋالدۇق خەۋەردە،
قويىدىغان تەلەپنى.
(ۋاقىت، ئورۇن، نەق ئادەم،
نەتىجە ۋە سەۋەبنى).

دەرستىن سىرتقى چاغلاردا،
خەۋەرلەرنى يازدۇق بىز.
مەكتەپتىكى تۇرمۇشتىن،
جاۋاھىرات قازدۇق بىز.

مەكتەپ رادىئو پونكىتى،
خەۋەرلەرنى ئاڭلاتتى.
ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزى،
كۆڭۈللەرنى يايراتتى.

راست ۋە يېڭى، جەلپكار،
خەۋەر يېزىش ۋەدىمىز.
«كىچىك مۇخبىر» دېگەن نام،
شادلىقىمىز، پەخرىمىز.

2005- يىل 4- ئاي

# گالستۇكنى سۆيۈگلار

ئەكبەر بىلەن ئىككىمىز،
تەڭ پىئونېر بولغانتۇق.
گالستۇكنى ئاسقاندا،
خۇشاللىققا تولغانتۇق.

مەن ئۇنتۇماي ھەر كۈنى،
گالستۇكنى ئاسىمەن.
پەخىرلىنىپ ئۇنىڭدىن،
مەغرۇر قەدەم باسىمەن.

لېكىن، ئەكبەر دائىما،
گالستۇكنى ئاسمايدۇ.
پىئونېرلىق نامىنى،
ئېسىگىمۇ ئالمايدۇ.

ئارىمىزدا بار يەنە،
ئەكبەر ئوخشاش باللار.
گالستۇكنى سۆيۈگلار،
قەلبى ئوتقاش باللار.

قىزىل گۈلدەك گالستۇك،
شان - شەرەپىنىڭ بەلگىسى.
پارلاپ تۇرار ئۇنىڭدا،
بالىلارنىڭ كەلگۈسى.

2005- يىل 6- ئاي

# ساۋاقداشلار ناخشىسى

بىز ساۋاقداش باللار،
بىر تۇغقانغا ئوخشايمىز،
مەرىپەتنىڭ بېغىدا،
بىللە ئۆسۈپ ياشنايمىز.

ساۋاقداش بىز ساۋاقداش،
«بىر ئاكوپنىڭ جەڭچىسى».
ئۇلۇغ ئانا دىيارنىڭ،
رەڭگارەڭ گۈل - غۇنچىسى.

ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە،
گۈزەل ئارزۇ پۈكۈلگەن.
ئىلىم - پەننىڭ نۇرىغا،
ھەممىمىز تەڭ چۈمۈلگەن.

ساۋاقداشلىق مېھرىمىز،
دىلغا چىراغ ياندۇرار.
ساۋاقداشلىق ھاياتنى،
ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرار.

2005- يىل 7- ئاي



# قاناتلاندۇق

لەگلەك ئۇچۇپ ئۆرلەيدۇ،
كەپتەر ئۇچۇپ ئۇنلەيدۇ.
ئۇلار پەرۋاز قىلغاندا،
قاراپ كۆزمۇ يەتمەيدۇ.

بىز بەختىيار بالىلار،
لەگلەك ئەمەس، قۇش ئەمەس،
لېكىن ئالغا ئۆرلەشتە،
ئۇلاردىن ھېچ بوش ئەمەس.

ئىلىم - پەننى تىرىشىپ،
ئۆگەندۇق بىز زوق بىلەن،
قاناتلاندۇق كۆنسېرى —
ئۆرلەيدىغان روھ بىلەن.

2005- يىل 8- ئاي

# مېھىر - شەپقەت دەرياسى

بىر دەريا بار جاھاندا،
سۈيى مەڭگۈ توختىماس.
پەقەت ئاشۇ دەريالا،
جىمجىت ئەمەس، ئۇخلىماس.

ئاشۇ دەريا كۆڭۈلگە،
چىن مۇھەببەت بېرىدۇ.
ئاشۇ دەريا ئىنسانغا،
چەكسىز قۇۋۋەت بېرىدۇ.

ئاشۇ دەريا شەربىتى،
ياشارتىدۇ يۈرەكنى.
ئاشۇ دەريا كۈلدۈرەر،
گۈزەل ئارزۇ - تىلەكنى.

ئاشۇ دەريا قايسى دەپ،
سوراڭ قېنى بالىجان؟
جاۋاب بېرەر ئۇنىڭغا،
ھەربىر ئاتا - ئانىجان:

ئەلنىڭ ئىچى - قۇچىقى،
مېھىر - شەپقەت دەرياسى.
ئاشۇ دەريا بولمىسا،
يوقتۇر ھايات مەناسى.

ئاشۇ دەريا بولغاچقا،
ھايات كۈلگەن، گۈللىگەن.
ئىنسانىيەت دۇنياسى،
نۇرغا چۆمگەن، ئۆرلىگەن.

دەيمىز شۇڭا بالىلار،
چىن يۈرەكتىن ھەرقاچان.
مېھىر - شەپقەت دەرياسى،
شۇنچە ئىللىق بىر ماكان.

2005- يىل 9- ئاي

# كومپيۇتېر ئۆگەندىم

ئىلىم - پەننىڭ يولىدا،
باستىم يېڭى قەدەمنى.
كومپيۇتېر ئۆگەندىم،
ئۇستاز تۇتۇپ ھەدەمنى.

كۇنۇپكىلار ئۇستىدە،
قولۇم ئەركىن ئوينايدۇ.
خەت ئۇرمىسام ھەر كۈنى،
كۆڭلۈم پەقەت قويمايدۇ.

ھەدەم دىلدىن زوقلىنىپ،
دېدى: «ئۇكام يارايسەن.
ئەتە - ئۆگۈن سەنمۇ ھەم،
تور ئىچىگە قارايسەن…»

2005- يىل 10- ئاي

# ئەپۇ قىلىش ياخشى ئىش

سېلىمجان ۋە ھېلىمجان،
قالغانىدى ئۇرۇشۇپ.
(گال سىقىشقان ھەتتاكى،
چۈجە خوراز بولۇشۇپ...).

ئۇزاق ئۆتمەي ئاردىن،
قالدى ئۇلار ئەپلىشىپ.
دېدى: توغرا ئەمەسكەن،
يۇرۇۋەرسەك سەتلىشىپ.

ئۇلار بۈگۈن كۆيۈمچان،
ساۋاقداشقا ئايلاندى.
ئىتتىپاقلىق سېپىدە،
ئىلغار بولۇپ سايلاندى.

چۈشەندىمكى بۇ ئىشتىن،
ئۇلار ئىكەن ئەپۇچان.
ئەپۇچانلار ياشايدۇ،
مەڭگۈ ئىناق، شادىمان.

2005- يىل 11- ئاي

# يىغلىمىغىن ئەي بالا

كىچىكمەن دەپ يۈرمىگىن،
بوي تارتىسەن ئەي بالا.
پۇلاڭگىدە چوڭ بولۇپ،
توي تارتىسەن ئەي بالا.

قىزىتىسەن شۇ چاغدا،
نەغمە - ناۋا دېگەننى.
تازا كۆچەپ چالىسەن،
داپىمىكىن دەپ لېگەننى.

شۇڭا ھەرگىز يىغلىما،
دوختۇر تاغاڭ كەسكەندە؛
شېكەرمىكىن دەپ قالما،
ئاق دورىنى سەپكەندە...

2003- يىل 9- ئاي

## چوڭ بولغاندا...

سۇ ئۇزگىلى ئۆستەڭگە،
چۇشكەندى مەخەتجان.
لېكىن، سۇدىن چىقالماي،
ۋاقىتسىزلا ئۇزدى جان.

ھەممىمىزنىڭ كۆزىدىن،
ئىختىيارسىز ئاقتى ياش.
بىزدىن مەڭگۇ ئايرىلدى،
بىر سۆيۇملۇك ساۋاقداش.

سۇ ئۇزگىلى بارمايلى،
دەريا - ئۆستەڭ، كۆللەرگە.
مەخەتجاندەك قالمايلى،
ئېچىنىشلىق كۇنلەرگە.

چوڭ بولغاندا سۇ ئۇزسەك،
يولۇقمايمىز خەتەرگە.
دولقۇن يېرىپ غەۋۋاستەك،
ئېرىشىمىز زەپەرگە.

# ئەقىدە

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە بېغىشلايمەن)

ئەي ئۆسمۈرلەر گېزىتى،
گويا باغچە - مەكتەپسەن.
قەلبىمىزنى كۆلدۈرگەن،
ئالتۇن شولا - ئاپتاپسەن.

دېسەك سېنى گۈل - چېچەك،
بىز بالىلار كېپىنەك.
ئېچىلمايدۇ كۆڭلىمىز،
سېنى بىر كۈن كۆرمىسەك.

ئېرىشتۇق بىز سەن بىلەن،
مول بىلىمگە، ئىلھامغا.
تېگىشمەيمىز بىز سېنى،
«ۋاخاخا» غا، «دام - دام» غا...

ئەي ئۆسمۈرلەر گېزىتى،
سالام ساڭا يۈرەكتىن.

ساڭا بولغان ئەقىدە،
كۆچەيمەكتە بۆلەكتىن.

2003- يىل 8- ئاي



# گالستۇك

مەن پئونېر بولغاندا،
بېشىم كۆككە تاقاشقان.
مۇبارەكلەپ دوستلۇرۇم،
ماڭا كۈلۈپ قاراشقان.

ماڭا قىزىل گالستۇك،
بېغىشلايدۇ شان - شەرەپ،
مېنى ئالغا باشلايدۇ،
قىزىلتۇغدەك لەپىلدەپ.

2003- يىل 9- ئاي

# قار ناخشىلىرى

## قاردەك ئاپئاق كۆڭلىمىز

ئاق تون كىيدى كەڭ زېمىن،
قار يېغىپ لەپ - لەپ.
شېئىر يازدۇق باللار،
ئاق قارنى كۈيلەپ.

ئاپئاق قارغا ئوخشايدۇ،
كۆڭلىمىز بىزنىڭ.
ئۆتەر خۇشال، مەنلىك،
ئۆمرىمىز بىزنىڭ.

شۇڭا ئاپئاق قار ياغسا،
يايراپ كېتىمىز.
قار ئۈستىدە دومىلاپ،
ئويناپ كېتىمىز.

# ئاق گۈللەر

نېمىدېگەن گۈزەل - ھە،
قار ياغقان كۈنلەر.
دەرەخلەردە ئېچىلار،
ئاق رەڭلىك گۈللەر.

ۋىچىرلايدۇ قۇشقاچلار،
شۇ گۈلگە قونۇپ.
قىزىپ كېتەر تاماشا،
كەتمەيمىز توڭۇپ.

كۆرەيلى ئاق گۈللەرنى،
كېلىڭلار دوستلار.
ئاق گۈللەردىن زوقلىنىپ،
كۈلۈڭلار دوستلار.

# قار سۈرىتى

قاردا تولار تەبىئەت،
ئېسىل زىننەتكە.
قار ياغقاندا باللار،
چۈشتۇق سۈرەتكە.

شۇ سۇرەتتە پارلايدۇ،
گۈزەل مەنزىرە.
قاردا چۈشكەن سۈرەتلەر،
ئۆچمەس خاتىرە.

## بىرەيلى سالام

بىز ياسىغان قار بوۋاي،
يارايدۇ بىزگە.
كۈلۈمسىرەپ، كۆز قىسىپ،
قارايدۇ بىزگە.

ياساش ئۈچۈن قار بوۋاي،
سىڭدۈردۇق ئەجىر.
قار بوۋايغا بار بىزدە،
ھۆرمەت ۋە مېھىر.

چەگدۇق قىزىل گالستۇك،
ئۇنىڭ بوينىغا.
ئەجداد روھى بىزلەرنى،
ئالدى قوينىغا.

قار بوۋايغا يۈرەكتىن،
بېرىمىز سالام.
«مەڭگۈ ئالغا بېسىڭلار»
دەيدۇ قار بوۋام.

# قارلىق

ياغقان چاغدا تۇنجى قار،
ئويۇن باشلىدۇق.
ساۋاقداشلار ئۆزئارا،
قارلىق تاشلىدۇق.

شۇ قارلىققا يېزىلدى،
چىرايلىق گەپلەر.
بار ئۇنىڭدا دوستلارغا،
مۇنداق تەلەپلەر:

«ئويناڭ ئۇسسۇل ۋەياكى،
ئوقۇڭ بىر ناخشا.
قىزغىن چاۋاك چالىمىز،
كۆڭۈلگە ياقسا.

ئوقۇپ بېرىڭ بىر شېئىر،
تېپىڭ تېپىشماق.
ياكى قىلىڭ دوستلارغا،
ئۇنتۇلماس چاقچاق.

سۆزلەپ بېرىڭ ۋەياكى،
ھېكايە، چۆچەك.
سۆزىڭىزدە پارلىسۇن،
گۈزەل كېلەچەك...

ئورۇندالسا بىر تەلەپ،
دەيمىز تەشەككۈر.
سىزگە مەڭگۇ يار بولسۇن،
ئىجاد، تەرەققىيات!»

## «ئەزىز مېھمان»

ئاپئاق قارلار ئېتىزنىڭ،
سۇ ھەم يوتقىنى.
ئاپئاق قارلار مايسىنىڭ،
«ئەزىز مېھمىنى».

ئاشۇ «مېھمان» مايسىنى،
ئۆستۈرەر جانلىق.
دېھقان تاغام چېھرىدە،
پارلايدۇ شادلىق.

2003- يىل 12- ئاي



# گۈلخۇمارقىز دىلخۇمار

بۇ يىل تېخى ئون بىر ياش،
كىچىك سىڭلىم دىلخۇمار.
«ئۈچتە ياخشى ئۆسمۈر» ئۇ،
ئەمگەك سۆيەر، گۈلخۇمار.

ئۆي ئىچىدە، هويلىدا،
باردۇر ئۇنىڭ گۈللىرى.
گۈلگە بولۇپ پەرۋانە،
خۇشال ئۆتەر كۈنلىرى.

ئۇنىڭ سەرخىل گۈللىرى،
سىنىپقىمۇ تىزىقلىق.
ئۇنىڭ ئىسمى، گۈل تۈرى،
تەشتەكلەرگە يېزىقلىق.

دوستلىرىغا دەيدۇ ئۇ:
«قالايمىقان گۈل ئۈزمەڭ؛
شادلانمامسىز، ئىچىلسا،
گۈللەر تەكشى، رەڭمۇرەڭ؟»

دەيدۇ ئۇ: «چوڭ بولغاندا،
گۈلچى قىزچاق بولىمەن.
گۈزەللىككە، گۈللەرگە،
مەڭگۈ ئامراق بولىمەن...»

2002- يىل 4- ئاي



# چوڭ دادام ۋە چوڭ ئانام

چوڭ دادام ۋە چوڭ ئانام،
قالدى خېلى ياشىنىپ.
لېكىن، ئۇلار ئۆتمەكتە،
كۆڭلى گۈلدەك ياشىرىپ.

دائىم ھەمراھ ئۇلارغا،
دادام، ئانام، ئۇچەيلەن.
خۇشال - خۇرام ياشايمىز،
بىنا ئۆيدە بەشەيلەن.

پاكىز، يۇمشاق ئۇلارنىڭ،
كىيگەن كىيىم - كېچەكى.
تەخسىلەرگە تىزىقلىق،
يەل - يېمىش، قەنت - گېزىكى.

بار ئۇلارنىڭ پەر ياستۇق،
ماموق يوتقان - كۆرپىسى.
ھۆرمەتلەيدۇ ئۇلارنى،
قوشنىلارنىڭ ھەممىسى.

دېگىنىنى ئۇلارنىڭ،
دادام ئېلىپ بېرىدۇ.
كۆڭلى تارتقان تاماقنى،
ئانام ئېتىپ بېرىدۇ.

ئۇلار شۇنچە خۇشچاقچاق،
گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم.
ماڭا چۆچەك، ھېكايە،
سۆزلەپ بېرەر ھەر دائىم.

پەرۋىش قىلار ئىككىسى،
بالكوندىكى گۇللەرنى.
قوشاق توقۇپ كۈيلەيدۇ،
بۇ بەختىيار كۈنلەرنى.

ئۇلار تېخى قىزىقىپ،
كۆرۈپ تۇرار تېلېۋىزور.
ناخشا ئاڭلاپ رادىئودىن،
ئالار لەززەت بەھۇزۇر.

ئۇلار تۇرۇپ تاڭ سەھەر،
باغچىلارغا كىرىدۇ.
پىيادە يول يۈرۈشنىڭ،
پايدىسىنى كۆرىدۇ.

مەن مەكتەپكە ماڭغاندا،
ئۇلارغا «خەير - خوش» دەيمەن.
ئۇلار ئاقيول تىلىگەچ،
ئۆزۈمنى بەر قۇش دەيمەن.

ئۇلارنىڭ بەل، پۇتىنى—
تۇتۇپ قويۇش ئادىتىم.
ئۇلار بەرگەن تەربىيە،
روھى ئوزۇق، ئامىتىم.

ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى،
ھەممىمىزنىڭ شادلىقى.
زوقلاندۇرار بىزلەرنى،
ئاق كۆڭۈللۈك، پاكلىقى.

بىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك،
چوڭ دادام ۋە چوڭ ئانام.
بىزدە باردۇر ئۇلارغا،
چوڭقۇر سۆيگۈ - ئىھتىرام.

2002- يىل 5- ئاي

# دوستلىرىم كۆپ

دوست ئوخشايدۇ ئادەمنىڭ،
ئىشەنگەن چوڭ تېغىغا.
گۈل تېرىيدۇ دوست دېگەن،
كۆيۈمچانلىق بېغىغا.

مەھەللىدە، مەكتەپتە،
نۇرغۇن ياخشى دوست تۇتتۇم.
ئۇلار بىلەن سىردىشىپ،
كۆڭلۈمنى بەك خۇش تۇتتۇم.

دوستلىرىمنىڭ كۆپلۈكى،
ئەخمەقلىقىم ئەمەستۇر.
بىللە ئويۇن ئوينىشىم،
ناياقلىقىم ئەمەستۇر.

قول بېرىشكەن دوستلارنى،
تاشلاش ماڭا نومۇس ئىش.
مېنى ئالغا ئۈندەيدۇ،
ئېسىل خىسلەت، دۇرۇس ئىش.

2002- يىل 6- ئاي

# يىغلىمايمەن

ئانام دورا ئىچۈرسە،
«بولۇپ قالدىڭ ئاغرىق» دەپ،
ئۇنىمايتىم ئىچكىلى،
دورا دېگەن ئاچچىق دەپ.

دورا ئىچكەچ ۋاقتىدا،
ساقايدىمەن كېسەلدىن.
دوختۇر بەرگەن دورىلار،
ياخشى ئىكەن ھەسەلدىن.

شۇڭا دورا ئىچكەندە،
يىغلىماستىن ئىچىمەن.
ساغلام بولۇپ تېخىمۇ،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن.

2002- يىل 8- ئاي

# تۇزۇماس گۈل - چېچەك بىز

تۇزۇپ كېتەر كۈز كەلسە،
رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەر.
قۇرۇپ كېتەر ئېتىزدا،
سويما سالغان پىلەكلەر.

ئانا مەكتەپ چىمەنباغ،
گۈل - چېچەك بىز باغدىكى.
ياشناۋاتقان نوتا بىز،
بۇ بەختىيار چاغدىكى.

تۇزۇماس گۈل - چېچەك بىز،
ئېچىلىمىز تېخىمۇ.
چېچىپ ئەلگە خۇش پۇراق،
يېتىلىمىز تېخىمۇ.

چۈنكى، يېڭى ئەۋلاد بىز،
قەلبى گۈزەل، كۆڭلى ئاق.
ئىلىم - پەندۇر بىز ئۈچۈن،
مەڭگۈ ئۆچمەس نۇر چىراغ.

2002- يىل 9- ئاي

## مېيىپ ئۆسمۈرلەر ناخشىسى

مېيىپلىكنى ئادەم ئۈچۈن—
ئەيىب دېمەڭلار.
مېيىپلارنى روھى تۆۋەن—
زەئىپ دېمەڭلار.

زەئىپلىك يوق بىزدە ھەرگىز،
روھىمىز تېتىك.
چوڭ ئىشلارنى قىلالايمىز،
بولساقمۇ كىچىك.

مېيىپ ئەمەس ئوغۇل - قىزلار،
قول قويدى بىزگە؛
يۈرىكىدىن قايىل بولۇپ،
يول قويدى بىزگە.

ئىلىم - پەننىڭ نۇرلىرىدا،
كۆلدى قەلبىمىز.
بىزگە ئىللىق قۇچاق ئاچتى،
گۈزەل دەۋرىمىز.

ئۆزىمىزنى قەدىرلەيمىز،
تاپىمىز قۇدرەت.
بىزگە ھەمراھ روھى بايلىق—
ئەڭ ئېسىل خىسلەت.

2002- يىل 10- ئاي

## تازىلىقنى سۆيگەنلەر

تازىلىقنى سۆيگەنلەر —
ساغلام بەدەن يۇرگەنلەر؛
پاكىز، رەتلىك بولۇشنى،
شەرەپلىك دەپ بىلگەنلەر.

تازىلىقنى سۆيگەنلەر —
قەلبى خۇشال كۈلگەنلەر؛
كۆركەم، گۈزەل مۇھىتنى،
دىلدىن ياخشى كۆرگەنلەر.

2000- يىل 11- ئاي

# ئارمان قوۋۋەت تالقىنى

ئارمان قوۋۋەت تالقىنى،
بالىلارغا باب ئىكەن.
تەمى ياخشى، سوپەتلىك،
جا ئەمەسكەن، ساپ ئىكەن.

تەركىبىدە نېمە بار؟—
دەپ سورىسام دادامدىن؛
دادام دېدى: «ياسالغان،
ياڭاق، ھەسەل، بادامدىن...»

ئارمان قوۋۋەت تالقىنى،
ماختىغۇدەك ئوزۇقلۇق.
ئۇنى ئىچسەك تۈگەيدۇ،
تەن ئاجىزلىق، ئورۇقلۇق.

دەيمىز: «ئارمان تالقىنى،
دوست بولىمىز سەن بىلەن.
سېنى بەكمۇ ياقتۇرغاچ،
تېگىشمەيمىز قەنت بىلەن...»

# مائارىپ

(ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ 120 يىللىق
تويىغا بېغىشلايمەن)

كۆڭلىمىزنى مەپتۇن قىلار مائارىپ،
خەلقىمىزنى ئەمنۇن قىلار مائارىپ،
قەلبىمىزنى يالقۇن قىلار مائارىپ،
روھىمىزنى جۇشقۇن قىلار مائارىپ،
زېھنىمىزنى پۇتۇن قىلار مائارىپ.

مائارىپ — ئۇ بىزنى ئالغا باشلايدۇ،
ئۇنىڭ بىلەن مىللەت كۈلۈپ ياشنايدۇ،
مائارىپسىز ئىشلار روناق تاپمايدۇ؛
مائارىپنى سۆيمىگەنلەر قاقشايدۇ،
قىيىن ئىشنى، مۇمكىن قىلار مائارىپ.

ھۆسىيىن باي، باۋۇدۇن باي مەردانە،
مائارىپقا بولۇپ شەيدا - پەرۋانە،
ئېچىلدۇرغان ھەر ئىزىدىن رەيھانە،

مەرىپەتكە چۆمگەن ئىدى ھەريانە،
مېھرىمىزنى دولقۇن قىلار مائارىپ.

بۈگۈن ئىكىساق قۇچىقىدا تەنتەنە،
مائارىپنى قوللاش بىزدە ئەنئەنە،
تويغا كەلگەن مېھمانلارمۇ كۆپ ئەنە،
توي شەنىگە شېئىر يازدىم مەن يەنە،
دەۋرىمىزنى ئالتۇن قىلار مائارىپ.

مائارىپنى سۆيەيلى بىز، سۆيەيلى،
ئۇنىڭ ئىشق - پىراقىدا كۆيەيلى،
ئىلىم - پەننىڭ دەرياسىدا ئۈزەيلى،
بىلىم بىرلە قۇدرەتلىنىپ كۆلەيلى،
ئەقلىمىزنى گۈلگۈن قىلار مائارىپ!

2001- يىل 10- ئاي

# ئاياللار

يېرىم دۇنيا ئايالار،
گۈل - تۇتيا ئايالار.
سىلەر شۇنچە ئاق كۆڭۈل،
ئەر مەھلىيا ئايالار.

ئىشقىڭلاردا مەجنۇن بىز،
ئەي جانانلار - لەيلىلەر.
سىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك،
ھايات يولى - پەللىلەر.

تولۇن ئايدۇر يۈزۈڭلار،
چولپان - زۆھرە كۆزۈڭلار.
ئېرىتىدۇ تاشنىمۇ،
شېرىن - شېكەر سۆزۈڭلار.

ئەۋلاد ئۆسكەن بۆشۈكلەر،
قولۇڭلاردا تەۋرىنەر.
سىلەر بىلەن بۇ دۇنيا،
بولۇپ ئاۋات - گۈللىنەر.

ئەي ئاياللار، ئانىلار،
سىلەر ئۇلۇغ، قەدىرلىك.
مىللەت ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
مەڭگۈ ئەزىز، پەخىرلىك.

2000- يىل 3- ئاي

# سەنئەتكارلار شەنىگە

بىرسى دېدى: ئادەملەر ئارا،
قېرىمايدۇ سەنئەتكار دېگەن؛
ئۆتەر چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈنى،
ناخشا - ئۇسسۇل، كۈلكىلەر بىلەن...

مەن ئېيتىمەن: سەنئەتكارلارنىڭ،
قېرىمايدۇ ئەمگىكى، نامى.
سەنئەتكارلار - روھىي ئىنژېنېر،
تۇتار بىزگە زوق - ھۇزۇر جامى.

سەنئەتكارلار ئەزىز، قەدىردان،
ئەل ئىشقىدا كۆيىدۇ ئۇلار.
ئىلىم - پەننى، ئانا يۇرتىنى،
چىن يۈرەكتىن سۆيىدۇ ئۇلار.

ئازلىق قىلار شوڭا ئۇلارنى،
بىشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرسەك.
ئازلىق قىلار ئۇلار شەنىگە،
قانچە - قانچە داستان پۈتكۈزسەك.

2000- يىل 4- ئاي



# يىقىلغاندا...

قىش كۈندى، قېلىن قار يېغىپ،
زېمىن مۇزلاپ تاراڭشىپ كەتكەن؛
ئاۋات بازار - رەستىلەردىمۇ،
ئادەم توپى شالاڭشىپ كەتكەن.

قەدىمىمنى ئاۋايلاپ بېسىپ،
ئاشۇ يولدا كېتىپ باراتتىم.
ئاقچىلىققا تولغان زېمىندا،
ھېس - تۇيغۇغا چۆمۈپ باراتتىم.

تۇيۇقسىز شۇ يولنىڭ چېتىدە،
بىر مويسىپىت يىقىلىپ كەتتى.
بۇنى كۆرگەن بۇدۇر چاچ يىگىت،
كۈلۈپ كەتتى - تېلىقىپ كەتتى.

مويسىپىتنى يۆلىدىم دەرھال،
خۇش بولدى ئۇ قىلغان ئىشىمدىن.
دېدى: «ئوغلۇم، مىڭ ياشقا كىرگىن،
ياخشىلىقىڭ چىقماس ئېسىمدىن».

بۇدۇر چاچلىق يىگىت كۈلكىسى،
مۇنداق پىكىر ئويغاتتى مەندە:
يول يۈرگەندە يىقىلمايمەن دەپ،
ئېيتالايدۇ قايسى بىر بەندە؟!

يىقىلغاننى مازاق قىلسا كىم،
يىقىلىشمۇ كېلەر بېشىغا.
يەپ قالىدۇ پۇشايمان تېخى،
كۈلكىسىگە، قىلغان ئىشىغا.

يىقىلغاننى ئەيىب كۆرمەيلى،
يوللار بەزەن تېيىلغاق، پاتقاق.
يىقىلغانمۇ تۇرىدۇ ئۆرە،
بۇ ھاياتنىڭ قانۇنى شۇنداق.

2000- يىل 3- ئاي

# ۋاپاسىز ئوغۇل

ئۇ، دادىسى هايات ۋاقتىدا،
كۇندە مىڭ رەت قاقشاتقانىدى.
خەۋەر ئالماي ئۇنىڭ هالىدىن،
ئەجەب تولا يىغلاتقانىدى.

ئاشۇ دادا — رەهمەتلىك ئادەم،
كەتتى بۇگۇن باقى ئالەمگە.
ئاۋازىنىڭ بارىچە يىغلاپ،
ئوغۇل چۈمدى قايغۇ - ماتەمگە.

توۋا دەيمەن، قانداق بالىبۇ،
دادىسىغا ئەلەم چەككۇزگەن؟
توۋا دەيمەن، قانداق بالائۇ،
دادىسىغا ئەجەل يەتكۇزگەن؟

ئىشەنمەڭلار، ئاشۇ ئوغۇلنىڭ،
نىدالىرى - يىغىسى يالغان.
شۇ بىۋاپا ئوغۇلنى چوقۇم،
سىرتماق بولۇپ قىينايدۇ پۇشمان.

2000- يىل 4- ئاي

# تەرجىمان

دوستلۇق ئۈچۈن كۆۋرۈكسەن،
شۇنچە مەزمۇت تۈۋرۈكسەن،
تىل بابىدا كۈچلۈكسەن،
پاساھەتلىك تەرجىمان.

جاپالىقتۇر خىزمىتىڭ،
يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمىتىڭ،
زوق قوزغايدۇ خىسلىتىڭ،
پاراسەتلىك تەرجىمان.

ئۆز كەسپىڭگە ئاشىقسەن،
سۆزگە ئۇستا - ناتىقسەن،
ماختىنىشقا لايىقسەن،
شىجائەتلىك تەرجىمان.

دۇرلەر تۆككىن تىلىڭدىن،
دوستلۇق ياغسۇن دىلىڭدىن،
گۇل ئېچىلسۇن ئىزىڭدىن،
سائادەتلىك تەرجىمان.

2000- يىل 5- ئاي

# ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە مۇخەممەس

نامى مەشھۇر داستان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت،
ساپ ھاۋالىق بوستان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت،
خۇش پۇراقلىق رەيھان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت،
ئانا كەبى غەمخان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت،
مېھرى ئاتەش ـ گۇلخان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

تېۋىپلىرى ئىلىمگە باي، مۇلايىم ـ كەمتەر،
داۋالاشنىڭ ئاسمىنىدا پارلىغان ئەختەر،
ھېكمەت، ھۇنەر ـ تىخنىكىسى بىباھا گۆھەر،
ئىمجانغا جان ئاتا قىلغۇر ئىچۇرۇپ كەۋسەر،
خاسىيەتلىك ئوكيان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

ئەرقى، مەلھەم، مەجۇنى ھەم شەربەتلىرى بار،
رەۋغىنى ھەم ھەببى، سۇپوپ··· نېئمەتلىرى بار،
ھەر دورىنىڭ ماختانغۇدەك خىسلەتلىرى بار،
بىمارلارنى يايراتقۇدەك قۇۋۋەتلىرى بار،
گويا سۈزۈك ئاسمان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

بەرشىشانىڭ شىپاسى بار ھەرخىل كېسەلگە،
دورىلارنىڭ شاھىدۇر دەپ قاتتىق غەزەلگە،
كىمكى يېسە ئايلىنىدۇ ساغلام، گۈزەلگە...
شۇڭا ئۇنى ئوخشىتىمىز قەنتكە ـ ھەسەلگە،
بەردى شىپا ـ دەرمان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

سەللىمازا ساقايتىلدى نۇرغۇن بەرەسلەر،
بىمارلارنى قۇچاقلىدى ئەركىن نەپەسلەر،
ھۆرمىتىنى بايان قىلدى قايىل ئەمەسلەر،
روشەن كۆزگە ئىگە بولدى «ئەما»، «ئەلەس» لەر،
ئۇلۇغ بىزگە ـ سۇلتان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

لوقمان ھەكىم، فارابىنى ئۇلۇغلايلى بىز،
يۈسۈپ ھاجىپ قەشقىرىنى ئۇنتۇمايلى بىز،
داۋام قىلىپ ئىش ئىزىنى تولۇقلايلى بىز،
يېڭى تۆھپە ياراتقاننى قۇتلۇقلايلى بىز،
تا ئەزەلدىن ئوبدان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت.

كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلانغىن ـ گۈللەنگىن راسا،
زامانىۋى يولدا مېڭىپ يۈكسەلگىن راسا،
شان ـ زەپەرنىڭ گۈللىرىگە پۈركەنگىن راسا،
ئالقىش ـ ھۆرمەت چاچقۇسىغا كۆمۈلگىن راسا،
دەيمىز سېنى: جانان بىزگە ئۇيغۇر تېبابەت!

2000ـ يىل 8ـ ئاي

# دېگىنىنى قىلساقمۇ ئۇنىڭ…

بىر كىشى بار بىزنىڭ كوچىدا،
ئۇنىڭ ئىسمى شىرئەلى موللا.
ئاشۇ موللا ھەربىر ئىشىنى،
ھېسابلايدۇ شۇ قەدەر ئىللا.

باشقىلارغا دەيدۇ ئۇ دائىم:
«گىنە يامان - ئاداۋەت يامان؛
ئىناقسىزلىق كوچىلىرىدا،
قىلغان ھەربىر ساياھەت يامان! …»

لېكىن، «موللام» ئۇزاقتىن بۇيان،
گەپلەشمەيدۇ ئاكىسى بىلەن.
گەپلەشمەيدۇ مىراس تالىشىپ،
ئارازلاشقاچ ئۇكىسى بىلەن.

دېدۇق شۇڭا: قىلغان گېپىنى،
قىلىقىدا رەت قىلدى «موللام».
ئىناقسىزلىق ئۇرۇقى چېچىپ،
ئەل ئىچىدە سەت قىلدى موللا.

دېگىنىنى قىلساقمۇ ئۇنىڭ،
قىلغىنىنى قىلمايمىز پەقەت.
دوستلار ئارا، تۇغقانلار ئارا،
يىلتىز تارتسۇن چوڭقۇر مۇھەببەت.

ئىناقلىقنى سۆيمىسە كىمكى،
ئەل قاتارى تۇرالماس ئۆرە،
ئۇنداقلارغا مۇنۇ سۆز تەقدىم:
«ئايرىلغاننى يەپ كېتەر بۆرە».

1999- يىل 8- ئاي



# ئېشىپ كېتىڭلار

(سەنئەت مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا)

ئېشىپ كېتەر مۇڭگۈزلەر،
ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن.
دەريا - دەريا سۇ چىقار،
جەرەن كۆزلۈك بۇلاقتىن.

قۇلاق دېسەك چوڭلارنى،
سىلەر مۇڭگۈز، نوتىلار.
ئۆرلەش ئۈچۈن سىلەرگە،
تەييار ئالتۇن شوتىلار.

ئانا مەكتەپ سىلەرنىڭ،
ئالتۇن شوتا، بېغىڭلار.
تەر ئاققۇزۇپ ئۆگىنىپ،
ئۆتسۇن ھەربىر چېغىڭلار.

ئۈمىدىم شۇ: مەي باغلاپ،
راسا پىشىپ كېتىڭلار.
مۈڭگۈز بولۇپ قۇلاقتىن،
تېزرەك ئېشىپ كېتىڭلار.

1998- يىل 1- ئاي

# ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن

(كۆز دوختۇرىنىڭ تىلىدىن)

ئەمەلارغا نۇر بېرەلىسەم،
مېھرىبانلىق بىلدۈرەلىسەم،
شادلاندۇرسام - كۈلدۈرەلىسەم،
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن.

ھاسا تۇتماي ماڭسا ئەمالار،
چوڭ - چوڭ قەدەم ئالسا ئەمالار،
يورۇقلۇققا قانسا ئەمالار،
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن.

بولسا قولۇم ئەپچىل، شىپالىق،
خىزمەت قىلسام ئەلگە جاپالىق،
ۋۇجۇدۇمغا تاراپ خۇشاللىق،
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن.

نۇر تاپقانلار ئەسلىسە مېنى،
دەرد تارتقانلار ئىزدىسە مېنى،

ئىش ئىزىمدىن ئۆلچىسە مېنى،
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن.

ئەمالاردۇر ئەزىز مېھمىنىم،
بار ئۇلارغا قىزغىن سالامىم،
قوبۇل ئەتسە چىقىپ ئارامىم،
ئۆزۈمنى بىر دوختۇر سانايمەن.

1998- يىل 3- ئاي

# قەسەم ئىچكۈچە…

قانچە - قانچە ئولتۇرۇشلاردا،
دېدىڭ: «مەيدىن ئادا - جۇدا مەن؛
ئوغۇل بالا بولمايلا كېتەي،
ئىچىپ قالسام ئەگەر بۇدا مەن…»

ئەپسۇس، ھازىر ھەركۈنى ئىچىپ،
ساق يۈرۈشتىن ئادا - جۇدا سەن.
ئەسلىي قەسەم ئىچىپ يۈرگىچە،
مەي ئىچسەڭچۇ بولۇپ خۇمارسەن؟!…

1998- يىل 5- ئاي



# تەكشۈرۈش تۈگەپ…

مانا بۈگۈن زوقلىنار كۆڭۈل،
ھەممە يەرنىڭ پاكىزلىقىدىن.
ئەپسۇسلىنىپ قالىمىز ئەتە،
بىرلا ئىشنىڭ ئاجىزلىقىدىن.

ئۇ بولسىمۇ تەكشۈرۈش تۈگەپ،
كوچا - كويىنى قاپلايدۇ ئەخلەت.
نە ئۈچۈندۇر تۇتۇلماس دائىم،
بۇ شەرەپلىك، بۇ مۇھىم خىزمەت؟…

1998- يىل 7- ئاي

# ساقايغان كېلىن

قېيناتا، قېيىنانىسى،
كەلمەس چاغدا كېلىن ساق ئىدى.
كېلىشۈىدى، هايال ئۆتمەيلا،
«كېسەل» بولۇپ قالدى «ۋاي...» دېدى.

پاسىبانلار قايتتى يۇرتىغا،
كېلىن خېنىم قالدى ساقىيىپ.
ئۆشبۇھالدىن بىچارە ئوغۇل،
ئازابلاندى ئۆكۈپ، سارغىيىپ.

1998- يىل 9- ئاي



## مەلۇم كىشىگە

كۆرۈڭ ئەنە، ئاۋۇ بىر كىشى،
ئەمەل قىلماي دېگەن گېپىگە،
مىندۇرۇپتۇ ئاسفالت يولدا،
بىر دوستىنى ۋېلىسىپىتىگە.

ئەسلى ئۆزى مۇنداق ئىشلارغا،
قويار ئىدى جەرىمانىنى.
نېچۈن ئۆزى باشلامچى بولۇپ،
ساقلىمايدۇ ئېسىل نامىنى؟...

1998- يىل 11- ئاي

# غەيرىي جاۋابقا

دېدىم: «يىگىت، ئاۋۇ بوۋاينى،
نېمە ئۈچۈن بوۋا دېمەيسىز؟
پەرىشتىدەك مويسىپىت تۇرسا؟
〈قېرى〉 دەيسىز، ئاتا… دېمەيسىز؟»

يىگىت دېدى دومسىيىپ ماڭا:
«بوۋاي بىلەن نونۇشلۇقۇم يوق».
مۇنداق غەيرىي — يولسىز جاۋابقا،
ئىختىيارسىز ئاتقۇم كەلدى ئوق.

1997- يىل 4- ئاي

# يېقىملىق ئاۋاز

بىر دوستۇمدىن سورىدىم مۇنداق:
قايسى ئاۋاز يېقىملىق، ياڭراق؟
دوستۇم دېدى: «بۇلبۇل ئاۋازى،
ئاۋاز ئىچرە يېقىملىق شۇنداق.»

دېدىم: «بۇلبۇل ئاۋازىدىنمۇ،
يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم.
شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانسېرى،
ھۇزۇرلاندىم، لېكىن قانمىدىم.

ئاشۇ ئاۋاز مېھرىبان ئانام،
〈جان بالام〉 دەپ چاقىرغان ئاۋاز.
شۇ ئاۋازدىن قانات چىقىرىپ،
كۆك قەرىدە قىلىمەن پەرۋاز.»

1997- يىل 6- ئاي

# ئەرنىڭ شەرتى

بىرسى دېدى: «ئەر سانالمايدۇ،
خوتۇننى ئۇرالمىغانلار؛
خوتۇن سىزغان سىزىقتىن مېڭىپ،
باشقا يولغا بۇرالمىغانلار…»

ئۇنىڭ شەرتى بويىچە ئەرلەر،
لۈكچەك مىجەز بولۇش كېرەككەن؛
قەلب بېغىدىن ۋاپادارلىقنىڭ،
گۈللىرىنى يۇلۇش كېرەككەن.

مەن ئېيتىمەن: ئەرنىڭ شەرتى بىر،
ئۇ قايسى دەڭ، مېھرىبان بولۇش؛
ئۆز جۈپتىنىڭ تومۇرلىرىدا،
ئېقىپ تۇرغان قىزىل قان بولۇش.

1996- يىل 3- ئاي

# كىمكى كۆپ تىل ئۆگەنگەن بولسا

تىل ئۆگەنمەك ئاسان ئىش ئەمەس،
ئۇنىڭغا زور شىجائەت كېرەك.
كۆرۈڭ بىزدە ئۆگەنگەنلەر بار،
بولغاچ ئۇلار ئەقىللىق - زېرەك.

كىمكى كۆپ تىل ئۆگەنگەن بولسا،
كۆڭۈل شامىن تۇندە ياندۇرۇپ؛
ئاشۇ چوققۇم ئۇزۇپ چىقىدۇ،
بەيگىلەردە تۇلپار چاپتۇرۇپ.

ياڭرىتىمىز ئالقىش - ئاپىرىن،
بەيگىلەردە ئۇزۇپ چىققانغا؛
بولۇپ گويا ھەسەل ھەرىسى،
ۋەتەن ئۈچۈن شىرنە يىغقانغا!

1993- يىل 1- ئاي

# ناخشا تېكىستلىرى

## قىزلار سۆيگۈسى

بىزنى كۆرگەن شوق يىگىتلەر،
— گۈل،— دېدى،— رەنا،— دېدى.
سۆيگۈمىزدىن كۆڭلى يايراپ،
— قەلبى نۇر، دەريا،— دېدى.

ئوت يۈرەك مەردانىلەرنىڭ،
دىلبىرى — جانانى بىز.
ئەل ئۈچۈن پەرۋانىلەرنىڭ،
ئاشىقى، رەيھانى بىز.

## سەيلە

رەڭگارەڭ گۈل ئېچىلغان،
باغدا سەيلە قىلغۇم بار.
ئاستى باھار، ئۈستى قار،
تاغدا سەيلە قىلغۇم بار.

ئالتۇن ۋاقىت پارلىغان،
مېۋىلەر مەي باغلىغان،
مەشرەپ تازا قايىنىغان—
چاغدا سەيلە قىلغۇم بار.

ساپ ھاۋانى سۇمۇرۇپ،
ئەركەك سۇغا چۆمۈلۈپ،
ئانا يەردىن سۆيۈنۈپ،
تاغدا سەيلە قىلغۇم بار.

## ۋەتەن ئوغلىمەن

ۋەتىنىمنى ئاي دەيمەن،
ۋەتىنىمنى كۈن دەيمەن.
ۋەتىنىمدىن ئايرىلسام،
كۈندۈز بولۇر تۈن دەيمەن.

ئانا ۋەتەن ئۈمىدى،
ئاپتاپ مېنىڭ قەلبىمگە.
مەڭگۈ سادىق ئوغلانىمەن،
ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە.

نەقرات:
ۋەتىنىمنى ئاي دەيمەن،
ۋەتىنىمنى كۈن دەيمەن.

ئانا ۋەتەن قوينىدا،
بەختىم مېنىڭ گۈل دەيمەن.

## سۇ ئىچتى كۆكۈل باغى

ئالتۇن نۇر جۇلالايدۇ،
كۈننىڭ چېھرىدىن، يارەي.
سۇ ئىچتى كۆكۈل باغى،
دوستلۇق مېھرىدىن، يارەي.

دوستلۇق مېھرىدىن تاپتۇق،
چەكسىز كۈچ - مادار يارەي.
چىن دوستلۇق بەخش ئەتتى،
دىلغا ئىپتىخار، يارەي.

دوستلۇقنى قەدىرلەيمىز،
ئەتىۋار بىلىپ، يارەي.
كۈيلەيمىز ئىناقلىقنى،
بىباھا بىلىپ، يارەي.

## ئاق خالاتلىق پەرىشتە

شۇنچە ئىللىق چىرايسەن،
لالە - رەيھان پۇرايسەن.
پەزىلەتلىك بولغاچقا،
ئەل كۆڭلىگە يارايسەن.

پەرۋانىنىڭ ئۆزىسەن،
بىمارلارنى كۈتۈشتە.
دەيمىز سېنى يۈرەكتىن:
ئاق خالاتلىق پەرىشتە.

نەقرات:
سېسترا قىز، ئىشچان قىز،
قەلبى نۇرلۇق جانان قىز.

## يات ئادەم يوق جاھاندا

بىر ئاتا ـ بىر ئانىدىن،
دۇنياغا كۆز ئاچقان بىز.
قېرىنداشلىق كۆكىدە،
ئالتۇن شولا چاچقان بىز.

يىلتىز تارتتى ئىناقلىق،
گۈزەل ئانا ماكاندا.
مېھىر ـ شەپقەت ياشنىسۇن،
يات ئادەم يوق جاھاندا.

1993ـ يىل 5ـ ئاي

# كۆيلىرىمىز چاچقۇ چاچار تىللاردىن

( «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

شوق بۇلبۇللار ناۋا قىلغان بوستانسەن،
قەلب سۆزىدىن پۈتكەن ناۋا - داستانسەن.
گۈزەل قەشقەر دىيارىدا ئېچىلغان —
خۇش پۇراقلىق، تەنگە شىپا رەيھانسەن.

ھەسەن - ھۆسەن كەبى ئەجەب رەڭدار سەن،
بىزگە جاندەك قەدىرلىكسەن، داڭدار سەن.
زوق، جاسارەت بەرگەن تەشنا كۆڭۈلگە،
گويا ئالتۇن تارلىق راۋاب، دۇتار سەن.

گۈزەل ئەقىل جەۋھىرىدىن ھەر سانىڭ،
ئەل قەلبىنى شادلاندۇردى زور شانىڭ.
قانچە - قانچە ئەدىبلەرنىڭ، شائىرنىڭ،
ئىجادىنى جانلاندۇردى ئىلھامىڭ.

سەندە كۆردۈق ئەلا - ئېسىل ئەسەرنى،
سەندە كۆردۈق چاقناپ تۇرغان گۆھەرنى.
سەندە كۆردۈق ۋەتەن ئۈچۈن جان تىككەن،
ئوت يۈرەكلىك نى - نى باتۇر - چېۋەرنى...

يۈز سانىڭنى قۇتلۇقلايمىز دىللاردىن،
كۈيلىرىمىز ئۈنچە چاچار تىللاردىن.
ياشنا مەڭگۈ ئەلنىڭ سەنئەت بېغىدا،
كامال تېپىپ زەپەر قۇچقان يىللاردىن.

1991- يىل 5- ئاي، قەشقەر



# پىشقەدەم سەنئەتكارلارغا مەدھىيە

(پاتەم قۇربان، يولۋاسخان، ئابدۇقادىر ھاجى[1] قاتار-لىق ئۈچ ئارتىسنىڭ سەھنە ھاياتىنىڭ 40 يىللىقىغا بې-غىشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ باشلاي سۆزۈمنى،
ئېھتىرامدا ھېس قىلىمەن ھەردەم ئۆزۈمنى.
قەلبىمگە كۆي، ۋۇجۇدۇمغا تولار ئىپتىخار،
سەھنىدىكى ئۇستازلارغا تىكسەم كۆزۈمنى.

پاتەم ھەدەم ئوت يۈرەكلىك قەشقەر بۇلبۇلى،
ناخشىسى زەپ مۇڭلۇق، لەرزان ئەلگە يارايدۇ.
«ئاسىگۇل» نى، «ئالتۇنگۇل» نى ئېيتسا ناۋادا،
يۈرىكىمگە ئىللىق ئېقىم — شادلىق تارايدۇ.

ئەلنەغمىنىڭ چولپىنىدۇر يولۋاسخان ئاكا،
ئېسىمىزدە ئۇ ئوينىغان غوجالدىرۋاق.

---

① ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئارتىسلار.

رەزىللىكنى، ئەبگارلارنى قامچىلاپ راسا،
ئۇ دورىسا كۆلكە بىلەن تولار ھەممە ياق.

ئابدۇقادىر ھاجى ئاكا ئارتىس تالانتلىق،
ئۇ ئاساسلىق رولنى ئالدى تىياتىرلاردا.
ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى بار قاراڭلار ئەنە،
«جەڭ مارشى» دا، «ئەزىزە» دە، «ئىز» لاردا[1].

پاتەم ھەدە، يولۋاس ئاكا، ئابدۇقادىركا،
قىرىق يىلىڭلار سەنئەت بىلەن ئۆتتى ئاجايىپ.
سىلەر بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئېچىلدۇرغان ئۇز،
خۇشبۇي گۈللەر ياشناپ مەڭگۈ بولمايدۇ غايىپ.

1991- يىل 5- ئاي، قەشقەر

① قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان دراملار.

# ئانا مەكتەپ تويىغا

(قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىل-
لىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

سالام بىرلە ئانام قەشقەر سىغەن، دەيمەن،
ئۇنىڭ قوينى باغۇ ئىرەم، چىمەن دەيمەن.

گويا ئالتۇن بۆشۈكى ئۇ مائارىپىنىڭ،
ئۇستازلىرى خىزىر سۈپەت، چېچەن دەيمەن.

سانسىزلىغان بوغۇنلارنى ئۆستۈردى ئۇ،
شۇ بوغۇنلار شۇنچە ساغلام، تىمەن، دەيمەن.

زەپەر بىرلە ئۆتتى ئۇنىڭ ئاتمىش يىلى،
تېخىمۇ ھۆر، كېلەچىكى بەلەن، دەيمەن.

سىغەن ماڭا پەرۋاز قىل دەپ قانات بەرگەن،
ئۆز - ئۆزۈمگە: تىرىش - ئىزدەن، ئۆگەن، دەيمەن.

ئانا مەكتەپ ئۇمىدىنى ئاقلىماسلىق—
شاگىرت ئۇچۇن كەچۈرگۈسىز ئىپۇەن، دەيمەن.

سۆيۈملۈكتۇر قەشقەر سىفەن دىگەن بۇ نام،
ئاڭا ئالقىش، ئاڭا ھۆرمەت تۇمەن، دەيمەن.

يازدىم شېئىر، چىن يۈرەكتىن ئۇنى كۈيلەپ،
بۇ ئەقىدەم تېخى ئاددىي، تۆۋەن، دەيمەن!…

گۈللە سىفەن، ئۆرلە سىفەن مەنزىلسىرى،
سېنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋەتەن، دەيمەن.

1991- يىل 10- ئاي

# ئىككى پارچە

## 1

نېمە دېگەن قەدىرلىك ـ ھە، ساۋاقداشلىق،
بىللە ئۆتكەچ بالىلىق ھەم گۈزەل ياشلىق.
ساۋاقداشلار ساۋاقداشچە ئۆتەر مەڭگۈ،
بولسۇن ئۇلار مەيلى پۇقرا، مەيلى باشلىق.

## 2

سىردىشىشتىن كۆڭۈل يورۇيدۇ،
ئۇنى ھەرگىز غەيۋەت دېمەڭلار.
سىردىشىشنى ياقتۇرمىسا كىم،
دوست دېمەڭلار، ئۇلپەت دېمەڭلار.

# گۈل - چېچەكلەر دېڭىزى ۋەتەن

ئالتۇن دىيار - ھۆر ۋەتەن جانىجانىسەن، بۈيۈكسەن،
خۇشال كۈلدۈڭ، ياشنىدىڭ، باھار قۇچتى كۆكسۈڭنى.
مېھرى ئىللىق ئېتىكىڭ، گۈل - چېچەكلەر دېڭىزى،
قۇياش دەيمىز، ئاي دەيمىز نۇرغا چۆمگەن ھۆسنۈڭنى.

ئانا تۇپراق - جان ۋەتەن مېھرىبانىسەن، ئۇلۇغ سەن،
سەن بەختىمىز - پەخرىمىز، سەن دىللارنىڭ خۇشلۇقى.
كاپالەتتۇر غەلىبەڭگە، گۈزەل پارلاق ئەتەڭگە،
بارچە مىللەت خەلقىنىڭ ئىناقلىقى - دوستلۇقى.

ئەي بەختىيار گۈل ۋەتەن، ئەڭ قەدىرلىك ماكانىسەن،
سېنى ئوتلۇق يۈرەكتىن ئەزىزلەيمىز - سۆيىمىز.
پەرۋاز قىلىپ ئۆرلىگىن، كۈندىن - كۈنگە گۈللىگىن،
شەرىپىڭگە دەريادەك ئاقار ناخشا - كۈيىمىز.

1990- يىل 10- ئاي

# قۇربان ھېيت كەلدى

ھەر يۇرەكنى شادلاندۇرۇپ قۇربان ھېيت كەلدى،
ھەر كۆڭۈلنى زوقلاندۇرۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

خۇددى تويغا جابدۇنغان يۇرت ئەھلىگە ئوخشاش،
چوڭ - كىچىكنى ياساندۇرۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

قايسى ئۆيگە كىرمەڭ بۇگۇن سويۇلماقتا قوي،
ئەر - ئايالنى روھلاندۇرۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

ساڭزا، گۆش ھەم قەنت - گېزەك، تائاملار سەرخىل،
سېخىي داستىخان راسلاتقۇزۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

ئاق كۆڭۈل بىز، مېھماندوست بىز ئەزەلدىن شۇنداق،
شۇ خىسلەتنى ياشناتقۇزۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

پەشتاقلاردا ناغرا ئۈنى، مەيداندا ساما...
ئانا يۇرتنى جانلاندۇرۇپ قۇربان ھېيت كەلدى.

1988- يىل 7- ئاي

# بولماسمۇ؟

بار شۇنداقمۇ كىشىلەر،
رەڭگى ئىللىق، مۇز ئەمەس.
نىمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ،
كۆڭلى ھەرگىز تۈز ئەمەس.

مۇنداقلارنىڭ كۆڭلىنى،
تۈزلىگىلى بولماسمۇ؟
خاسىيەتلىك بىر چارە،
ئىزدىگىلى بولماسمۇ؟

1987- يىل 6- ئاي

# پېشقەدەم ئەدىبلەر ھۆرمىتىگە

خەلق سىلەرگە ياپتى تون ئوت يۈرەك پېشقەدەملەر،
سۆيدى بۈگۈن سىلەرنى شەرەپ ئاتلىق «سەنەم» لەر.

ئىجادىيەت ئىشىغا باغلاپ چوڭقۇر مۇھەببەت،
ياسىدىڭلار شۇقەدەر گۈزەل باغۇ ئىرەملەر.

سىلەر يازغان ھەر ئەسەر ياشنىدى گۈلباغ بولۇپ،
دەيمىز شۇڭا سىلەرنى مۆھتەرەملەر ـ كەرەملەر.

نەچچە ئون يىل ۋاقتىڭلار ئۆتتى دادىل ئىزدىنىپ،
قولۇڭلاردىن چۈشمىدى خاسىيەتلىك قەلەملەر.

يار بولغاچقا سىلەرگە چىدام، غەيرەت ـ جاسارەت،
يېڭەلمىدى سىلەرنى نى ـ نى جاپا ـ ئەلەملەر.

بىز سىلەرگە تىلەيمىز سالامەتلىك، خۇشاللىق...
تۆھپەڭلەرگە ياڭرىتىپ ئالقىش، ناخشا - ئەجەملەر.

ئىلگىرىلەيمىز تېخىمۇ ئىجادىيەت يولىدا،
قەلبىمىزدە بار شۇنداق گۈزەل ئارزۇ، قەسەملەر.

1987- يىل 10- ئاي

# نەسىھەت

ئاتاڭنى رەنجىتىپ قويساڭ،
سېنىڭ ئالتۇن تېغىڭ بولماس.
ئاناڭنى رەنجىتىپ قويساڭ،
سېنىڭ گۈلشەن ـ بېغىڭ بولماس.

ئاتاڭنىڭ سۆزىدىن چىقما،
ئاناڭنىڭ سۆزىدىن چىقما.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىل،
دىلىنى ھېچقاچان سىقما.

ئاتا رازى، ئانا رازى،
ساڭا ياردۇر كۆڭۈل يازى.
ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ،
جاراڭلايدۇ ئۆمۈر سازى.

1987ـ يىل 11ـ ئاي

# يالغۇز ئەمەسمەن

سورىساڭلار مېنىڭدىن ئەھۋال،
دوستلىرىم بار، يالغۇز ئەمەسمەن.
كۆڭلۈم خۇشال، ئارزۇيۇم گۈزەل،
مەن يۇمىلاق تاۋۇز ئەمەسمەن.

بەزىلەر بار، ئۆمۈر يولىدا،
ماڭمىغاندۇر ئىنسانىي بولۇپ.
شۇڭا ئۇلار ئۆتەر دۇنيادىن،
يالغۇزلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ.

1986- يىل 3- ئاي

# ئاشپەزلەر ناخشىسى

دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ھۆنەر،
ھۆنەردىن رەڭمۇرەڭ گۈل - چىچەك ئۈنەر.

ئاشپەز بىز، ئاشپەزلىك بىز ئۈچۈن شادلىق،
بىز ئەتكەن تاماقلار مەززىلىك - تاتلىق.

بار بىزدە ھۆنەرگە ئىخلاس - ئىشتىياق،
ھارمايمىز ئەل ئۈچۈن تەييارلاپ تاماق.

قوللاردا ئوينايدۇ چۆمۈچ ۋە ساپلىق،
يار بىزگە بىر ئۆمۈر گۈزەللىك، پاكلىق.

ئاشپەز بىز، قەلبى چوغ، قولى گۈل، چاققان،
قورۇما، تامىقى مېھمانغا ياققان.

1986- يىل 5- ئاي

# ھېسداشلىق

ھەر قېتىم كۆرىمەن ئاشۇ ئايالنى،
كۆزلىرى ياشيۇقى، يۈزلىرىدە كۆك.
ئۇنىڭ پاك قەلبىنى يارىلاندۇرۇپتۇ،
بىۋاپا جۇپتىدىن كەلگەن ئەلەم - يۈك.

گۈل تۇرۇپ چىرايى سارغايسا ئۇنىڭ،
ياش تۇرۇپ چاچلىرى ئاقارسا ئۇنىڭ.
بولامدۇ ھېسداشلىق قىلمىساق ئاڭا،
ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلانسا ئۇنىڭ؟!

1986- يىل 7- ئاي

# تاموژنا خادىملىرىغا

جاسارەتلىك ئەي تاموژنا خادىمى،
ئىلكىڭدىدۇر مۇھىم ئېغىر - ئۆتكەللەر.
ئېسىل ئەخلاق - خىسلىتىڭگە قەلبىدىن،
رەھمەت دەيدۇ چېگرىمىزدىن ئۆتكەنلەر.

ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى كۈچ بەخش ئېتىپ،
ھەر دائىما ئېغىر يۈكنى كۆتۈردىڭ.
ئەڭ جاپالىق مۇھىتتىمۇ قەد كېرىپ —
تۇردۇڭ، شىپا ساپ ھاۋانى سۈمۈردىڭ.

ۋەتەن ئۈچۈن دەستە - دەستە گۈل تىزدىڭ،
كىچە - كۈندۈز جارى قىلغان رولۇڭدىن.
بولغاچ سەندە پەم - پاراسەت، زېرەكلىك،
ئەتكەسچىلەر قاچالمىدى قولۇڭدىن...

دىيانەتلىك، پاك بولدۇڭسەن ھەر قاچان،
چاقنار شۇڭا سېنىڭ يارقىن ئوبرازىڭ.
ئەي ۋەتەننىڭ پاراسەتلىك جەڭچىسى،
جاراڭلىسۇن مەغرۇر ناخشا ـ ئاۋازىڭ.

1986ـ يىل 8ـ ئاي



# بېلەت ساتقۇچى قىزغا

ئەتىگەندىن تا ئاخشامغىچە،
ئاپتوبۇستا ساتىسەن بېلەت.
زوقلىنىمەن ساڭا ئەي قىزچاق،
ساڭا ياركەن ئەڭ ئېسىل خىسلەت.

قېرى، كېسەل، ئىككىقاتلارغا،
مېھرىبانلىق ئاقار دىلىڭدىن.
يولۇچىغا تىلەپ ئامانلىق،
شېكەر تامار سېنىڭ تىلىڭدىن.

ئاپتوبۇسنى يۈرەكتىن سۆيۈپ،
ئوخشىتىسەن ئۆز ئائىلەڭگە.
يولۇچىلار دەيدۇ ئاپىرىن،
سېنىڭ ئىللىق مۇئامىلەڭگە.

ئاڭلا سۆزۇم، ئەي يېقىملىق قىز،
تاشتى ساڭا ھۆرمىتىم - سۆيگۈم.
ئاپتوبۇسقا چىقسام ھەرقاچان،
نېمىشقىدۇر كەلمەيدۇ چۈشكۈم.

1986- يىل 11- ئاي

# شائىر ۋە شېئىر

مىسرا، كۇبلېت، قاپىيەنى كەلتۇرمەك ئاسان،
بوغۇم ساناپ ۋەزنىلەرنى كەلتۇرمەك ئاسان.

لېكىن ئاسان ئەمەس ياخشى بىر شېئىر يازماق،
ئاسان ئەمەس تاغلار يېرىپ دۇر - گۆھەر قازماق.

دۆۋە - دۆۋە شېئىر يازغان شائىر ئاتالماس،
مەتبۇئاتتا چىققان شېئىر نادىر ئاتالماس.

بەزى شېئىر سەزگۈلەرگە كەلتۈرەر ئۇيقۇ،
بەزىلىرى دىلدا قوزغار جاسارەت، تۇيغۇ...

سۆز دېگەن سۆز، لېكىن سۆزلەر ئەمەستۇر شېئىر،
بولۇش كېرەك شېئىرلاردا چوڭقۇر ئوي - پىكىر.

شېئىر دېمەك — ئەل ئاۋازى، زامان ساداسى،
شېئىر — ۋولقان، شېئىر گۈلخان، كۆڭۈل ناۋاسى.

ئېزىلەڭگۈ شېئىرلارنى توقۇپ يۈرمەيلى،
سورۇنلاردا ئۇنى ھەرگىز ئوقۇپ يۈرمەيلى.

خەلق بېرىدۇ شائىر دېگەن شانۇ شەرەپنى،
خەلق قويىدۇ شائىرلارغا يۈكسەك تەلەپنى.

شائىر دېگەن نامغا لايىق يېزىلسا شېئىر،
شائىرلارغا خەلقئالەم باغلايدۇ مېھىر.

1986- يىل 12- ئاي



# خاسىيەتلىك توي بىلەن

ئوت يۈرەكلەر قوش بولۇر،
كۆڭۈل يايراپ خۇش بولۇر،
ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولۇر،
خاسىيەتلىك توي بىلەن.

هايات تاپار مەنانى،
يىگىت تاپار رەنانى،
قىزمۇ تاپار ھەمرانى،
خاسىيەتلىك توي بىلەن.

ئىللىق ماكان قۇرىمىز،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىمىز.
ئارزۇلارغا قانىمىز،
خاسىيەتلىك توي بىلەن.

1985- يىل 4- ئاي

# ئانىجان مەكتەپ

(مەكتەپ مارشى)

مەرىپەت بوستانى - ئانىجان مەكتەپ،
قەشقەرنىڭ باغرىدا مەشئەل - چىراغسەن.
ئەۋلادقا مەڭگۈلۈك كۆچ، قانات بەرگەن،
بىر ئەزىم دەريا سەن، سۈزۈك بۇلاقسەن.

مەرىپەت بوستانى ئانىجان مەكتەپ،
ئەقلىمىز گۈللىرى ئېچىلدى سەندە.
ۋەتەنگە باغلىدۇق چوڭقۇر مۇھەببەت،
ئىستىقبال نۇرلىرى چېچىلدى سەندە.

مەرىپەت بوستانى ئانىجان مەكتەپ،
ئۆگەتتىڭ بىزگە سەن ئادەم بولۇشنى.
ئۆگەتتىڭ ئىزدىنىپ، ئۆرلەپ چوققىغا،
بىر گۈزەل، يېپيېڭى دۇنيا قۇرۇشنى.

مەرىپەت بوستانى — ئانىجان مەكتەپ،
تۆھپەڭنى تەرىپلەپ يازىمىز داستان.
ئىناقلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز،
شەرەپ قۇچ! بول كۆكتە چاقنىغان چولپان.

نەقرات:
مەرىپەت بوستانى، ئانىجان مەكتەپ،
خاس ساڭا شان — شەرەپ، جانىجان مەكتەپ.

1985- يىل 8- ئاي

# 70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك

(قەشقەر شەھەرلىك 7- باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان-لىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

تۇمەن دەريا بويىدا گۈلسەن،
كۆڭۈللەردە يېگانە، بىر سەن،
گويا ئالتۇن شولىسەن - نۇرسەن،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

بۇلبۇللارغا بولدۇڭسەن ئۇۋا،
بىز ئەمگىكىڭ - ئەجرىڭگە گۇۋا.
سەن سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئانا،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

مەنمۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ، ئەي ئانا،
يەتكەن ماڭا كۆڭلۈڭ، ئەي ئانا،
ياشنىماقتا ئۆمرۈڭ ئەي ئانا،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

غۇنچىلارنى ئېچىلدۇردۇڭ سەن،
ئىلىم نۇرى چېچىلدۇردۇڭ سەن،
بوغۇنلارنى يېتىلدۇردۇڭ سەن،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

قەلبىمىزگە چىراغ بولدۇڭ سەن،
تەشنالارغا بۇلاق بولدۇڭ سەن،
يالقۇنلىغان ئوچاق بولدۇڭ سەن،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

ئۆچمەس سېنىڭ باسقان ئىزلىرىڭ،
جەۋلان قىلدى ئوغۇل - قىزلىرىڭ،
ياڭراق سېنىڭ ھەربىر سۆزلىرىڭ،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

ئەي قەشقەرنىڭ گۈزەل بوستانى،
ئەۋلادلارنىڭ سۆيگەن ماكانى،
مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى، كانى،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

يازدىم ساڭا تەبرىكنامىنى،
تۇتۇپ دىلدىن گۈلنى - لالىنى.
ئېگىز كۆتۈر زەپەر جامىنى،
70 يىلىڭ بولسۇن مۇبارەك.

2006- يىل 10- ئاي

本诗集选录两位作者反映人生各方面的一批优秀的诗作。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى مىرزاھىد كېرىمى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۇل ئوسمان

# سۆيۈملۈك دۇنيا

(شېئىرلار توپلىمى)

ئاپتورى: توختىھاجى روزى
ئابلىكىم روزى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2008 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2580

---

ISBN 978-7-5373-1619-4

باھاسى: 10.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

# سۆيۈملۈك دۇنيا

ISBN 978-7-5373-1619-4
9 787537 316194 >

ISBN978-7-5373-1619-4
（民文）定价：10.00 元